


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن
سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ھۈنەر ـ تېخنىكا ئۆگىنىش رىسالىسى

# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ھۈنەر ـ تېخنىكا ئۆگىنىش رىسالىسى

# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

تۈزگۈچى: ئۆمەرجان سىدىق



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

TU759.1
U-1
新疆大学图书馆
民文图书 755MWS0005388
شىنجاڭ داشۆ كۈتۈپخانىسى كىتابى
新疆大学图书馆藏书

**图书在版编目(CIP)数据**

木工基本技能 :维吾尔文/乌买尔江·斯迪克编. —乌鲁木齐:新疆人民出版社, 2007.7
(技术技能丛书)
ISBN 978-7-228-11121-3

Ⅰ.木 … Ⅱ.乌… Ⅲ.木工—基本知识—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.TU759.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字 (2007) 第 116539 号

---

| | |
|---|---|
| **编　　者** | 乌买尔江·斯迪克 |
| **责任编辑** | 巴力江·则帕尔 |
| **责任校对** | 帕丽旦·艾力 |
| **美术编辑** | 米尔扎提·阿布都拉·塔吉 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | 0991-2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 新疆一龙印刷有限公司 |
| **开　　本** | 880×1230　1/32 |
| **印　　张** | 3.25 |
| **版　　次** | 2007 年 10 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2007 年 10 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1-5000 册 |
| **定　　价** | 12.00 元 |

---

# نەشرىياتتىن

« يېزىلار، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار » خىزمىتى ۋە « سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش » خىزمىتى پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردىكى مۇھىم خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا ماسلىشىپ، كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش، شەھەرلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەمدەم بولۇش مەقسىتىدە بىز يېمەك - ئىچمەك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مېۋە - كۆكتات ساقلاش ۋە قورۇتۇش، دۇكاندارچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك، ئۆي ۋە ھويلا - ئارامىلارنى لايىھىلەش، پاكىز ئېنېرگىيىلەردىن پايدىلىنىش، يېزىلاردىكى يەر ھۆددىگەرلىكى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، تۇرمۇش ساۋاتلىرى، قوش تىل ئۆگىنىش قاتارلىقلارغا ئائىت يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزدۈرۈپ ۋە بىر قىسىملىرىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ نەشر قىلدۇق.

بۇ كىتابلارنى تۈزۈشتە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي مۇددىئا قىلىندى؛ يېزىلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشىنى باياشات قىلىش نىشان قىلىندى؛ پەن - تېخنىكىنى « دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كەسپلىرىگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا، دېھقان - چارۋىچىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش » مەقسەت قىلىندى.



# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

بىز بۇ كىتابلارنى ھەم يېزىقى بار، ھەم رەسىمى بار قىلىپ تۈزۈپ،
دېھقان ـ چارۋىچىلار چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان
قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىيلىكىگە، ئەمەلىي قوللىنىش
چانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. بىز بۇ كىتابلىرىمىزنىڭ دېھقان ـ چارۋىچى
لارنى، بىر قىسىم ئىش كۆتۈپ تۇرغانلارنى، كەسپىي مائارىپ بويىچە تەربى
يىلەنگۈچىلەرنى يېڭى تېخنىكا، يېڭى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرالايدىغانلى
قىغا، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشىغا ئەقلىي
كۈچ ئاتا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ نوپۇز
لۇق خادىملىرى تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، ۋاقىتنىڭ ئالدى
راشلىقى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ساھەدىكى كىتابلارنى تۈزۈشتىكى تەجرىبىمىز
نىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىك، سەۋەنلىك،
ھەتتا خاتالىقلارغىمۇ يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئوقۇرمەنلىرىمىز
نىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ۋە قىممەتلىك پىكىر ـ تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد
قىلىمىز.

# كىرىش سۆز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەت دائىرىسىدە كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇۋاتقان يېزا - قىشلاق ياشلىرىغا ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، يېزا - قىشلاق ياشلىرىنى مەلىكىلىك هۈنەرۋەن، تېخنىكلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارغا يېڭى چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىش، بولۇپمۇ بېيىش يولىغا باشلاش تەدبىرىگە ماسلىشىپ، ئۇيغۇر قول هۈنەرۋەنچىلىكى ۋە باشقا هۈنەر - تېخنىكىغا دائىر بىر تۈركۈم كىتابلارنى نەشر قىلىپ، يېزا ياشلىرىغا يۈزلەندۈرۈشنى پىلان قىلغاندى. جۈملىدىن، بۇ پىلان تەركىبىدىكى ياغاچچىلىق تېخنىكىسى هەققىدىكى كىتابنى مېنىڭ يېزىشىمغا هاۋالە قىلغانىدى.

مەن هەم يېزا - قىشلاق ياشلىرىنىڭ هۈنەر - كەسىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرىدىغان هەم خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى هۈنەر - كەسىپلىرىنى سىستېمىلىق قېزىش، رەتلەش، مىراس قالدۇرۇشتىكى ياخشى باشلىنىش بولغان بۇ خەيرلىك ئىشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىزدىنىشكە كىرىشتىم. گەرچە مەن ياغاچچىلىقنىڭ كەسىپ ئەهلى بولمىسامۇ، ئۇزۇن يىللىق مۇخبىرلىق قىلىش، جەمئىيەت تەكشۈرۈش جەريانىدىكى خەلقىمىزنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە بولغان يۈكسەك مۇهەببىتىمنىڭ تۈرتكىسىدە ياغاچچىلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپ ۋە كەسىپكارلارنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلغان، بىر قانچە پارچە ماقالىمۇ يازغانىدىم. ئەمدىكى ئىزدىنىش جەريانىدا ئالدى بىلەن تارىخ ۋە تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ، ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى، تەرەققىياتى، خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي هاياتىدا ئوينىغان رولى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئۇيغۇر هۈنەر - كەسىپلىرى ئىچىدە ياغاچچىلىقنىڭ تارىخىنىڭ ناهايىتى ئۇزۇنلۇقىنى، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش رىتىمى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى هېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئوقۇپ چىقتىم هەمدە يا-

# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى



غاچچى ئۇستىلارنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىپ، ياغاچچىلىق مەشغۇلات
جەريانىنى باشتىن ـ ئاخىر خاتىرىگە ۋە سۈرەتكە ئالدىم. يۇقىرىقىدەك ئىز-
دىنىشلەر ئارقىلىق مەزكۇر كىتابنى يېزىپ پۈتتۈردۈم. كىتابنى ئىمكانقە
دەر يېزا ـ قىشلاق ياشلىرى چۈشىنەلەيدىغان ، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا
ئىگە قىلىشقا تىرىشتىم. بۇ جەرياندا ئۈمەرجان باقى تەرجىمە قىلغان
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ياغاچچىلىق ئاساسلىرى» ناملىق
كىتاب ماڭا ناھايىتى زور قوللانما بولدى.

يېقىنقى يىللاردىن بويان دېھقان ـ چارۋىچىلارنى بېيىتىشقا دائىر
تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر يولغا قويۇلىۋاتىدۇ. ئېشىنچا ئەمگەكچىلەرنى
سىرتقا يۆتكەش، ھۈنەر ـ تېخنىكا ئارقىلىق دېھقان ـ چارۋىچى ياشلارنى
مەلىكىلىك ئىشچىلارغا ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلار دەل يۇقىرىقىدەك چارە ـ
تەدبىرلەرنىڭ دەلىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەڭ يېزا ـ قىشلاق ياشلىرىنىڭ
پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش يولىغا مېڭىشى ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم بىر
تاللاشتۇر. «ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى» دېگەن تەمسىل بار، ھا
زىرقى كەسكىن رىقابەت دەۋرى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭمۇ ئېڭىنى ئۆستۈ
رۈپ، تەرەققىيات خىرىسىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش
ئۈچۈن تىرىشىشنى تەلەپ قىلماقتا. مۇشۇنداق تەخىرسىز ھەم ئەۋزەل
شارائىتتا دېھقان ـ چارۋىچىلار چەكلىك يەردىن ۋە يۇرتىدىن، ئەنئەنىۋى قا
راشلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغان ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، دادىللىق
بىلەن ھۈنەر ـ تېخنىكا ئۆگىنىپ، يۈرەكلىك بوسۇغا ئاتلاپ، سىرتقا، دۇنيا
غا يۈزلىنىشى، ئىقتىسادىنى يۆكسەلدۈرۈپ، ئىدىيە جەھەتتە ئالغا بېسىپ
دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى زۆرۈر. بۇ ئاددىي قوللانما يۇقىرىقىدەك ئىزدە
نىشلەر ئۈچۈن ئاز تولا ئۇنۇم بېرەلىسە ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن
ئەلۋەتتە.

ۋاقتىنىڭ قىسلىقى، ياغاچچىلىق كەسپى ھەققىدىكى بىلىمىمنىڭ يې
تەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كىتابتا بەزىبىر خاتالىق، سەۋەنلىكلەر ساق
لانغان بولۇشى مۇمكىن. كەڭ كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سا
ممىمي تەنقىد ـ تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى ............ 1

1 - پاراگراف  ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى .................. 1
2 - پاراگراف  ياغاچچىلىقنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى ..... 6
3 - پاراگراف  ياغاچچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ............... 8

ئىككىنچى باب  ياغاچ بىلەن تونۇشۇش ....................... 12

1 - پاراگراف  ياغاچنىڭ تۈزۈلۈشى ..................... 14
2 - پاراگراف  ياغاچنىڭ خۇسۇسىيىتى .................... 17
3 - پاراگراف  ياغاچنى قۇرۇتۇش ......................... 18

ئۈچىنچى باب  ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ........................... 20

1 - پاراگراف  سىزىش ئەسۋابلىرى ........................ 20
2 - پاراگراف  باشقا زۆرۈر ئەسۋابلار ..................... 25
3 - پاراگراف  ھەرىدەش ئەسۋابلىرى ۋە ھەرىدەش ئۇسۇللىرى .............................. 30
4 - پاراگراف  رەندىلەش ئەسۋابلىرى ۋە رەندىلەش ئۇسۇلى ... 42



5 ـ پاراگراف كەسكۈچى ئەسۋابلار ۋە كېسىش ئۇسۇلى ..... 49
6 ـ پاراگراف ئىسكىنە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ... 53

تۆتىنچى باب جاھاز بۆلەكلىرىنى چېتىش ئۇسۇلى .............. 55

1 ـ پاراگراف مىخلاپ چېتىش ............................ 55
2 ـ پاراگراف تۇرۇملۇق چېتىش ............................ 58
3 ـ پاراگراف يەملەش ............................ 60

بەشىنچى باب ئۆي جاھازلىرىنىڭ ياسىلىشى .............. 62

1 ـ پاراگراف ياغاچتىن ماتېرىيال ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش پرىنسىپى ............................ 64
2 ـ پاراگراف ئۆي جاھازلىرىنى ياساش تەرتىپى ............ 70
3 ـ پاراگراف ئۆي جاھازلىرىنى ياساشتىن ئەمەلىي مىساللار ............................ 75

قوشۇمچە ياغاچچىلىقتا بىخەتەر، مەدەنىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا ............................ 8

خاتىمە ............................ 3

بىرىنچى باب

# ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى

## 1 ـ پاراگراف ياغاچچىلىقنىڭ تارىخى

دۇنيادىكى ھۈنەر ـ كەسپلەر ئىچىدە ياغاچچىلىقنىڭ تارىخىنى ئەڭ ئۇزۇن دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، يەر شارىدا ئەڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە، يوتكۇل كائىناتنى سۇ ۋە ئورمان، ئوتلاقلار ئىگىلىگەن بولۇپ، كېيىن ـ ئاستا ھەرخىل جانلىقلار، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار ئاپىرىدە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار پەيدا بولغان. ئىنسانلار پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ تەقدىرى ئورمان، دەل ـ دەرەخلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىكى ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ياسالغان تاش قوراللار (كونا ۋە يېڭى تاش قوراللار) ۋە تاياق ـ توقماقلارغا تايىنىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇنىڭدىن 6000 ~ 8000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىغان، رايونىمىزدىكى 50 كە يېقىن ناھىيە ۋە تاغ ـ يايلاقلاردىكى 70 تىن كۆپرەك ئورۇندىن تېپىلغان قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ كالتەك ـ توقماقلارنى كۆتۈرۈپ ھايۋانلارنى ئوۋلاۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ئېنىق تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، ئۇلار دەرەخ شاخلىرىدىن يامغۇردىن، شامال ـ بوران ۋە ئاپتاپتىن پاناھلىنىدىغان كەپىلەرنى، ياغاچ پىچاق، ھايۋانلارنى ئوۋلايدىغان ياغاچ كالتەك قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغان. مانا بۇلار ياغاچچىلىق



## ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

نىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرى بولۇپ، ئەتراپىدا كۆلىمى ئەڭ كۆپ بولغان، دەل ـ دەرەخ، ياغاچلار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ھاياتلىق ۋاسىتىسىگە، تىرىكچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى قورالىغا ئايلانغان. ئۇلار ياغاچتىن ھەرخىل ئوۋ قوراللىرىنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش جەريانىدا ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى بارا ـ بارا مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان.

«قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى تەمىنلىگەن پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى تاش قوراللاردىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ھەم بادرا، دەرەخ قوۋزاقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ساتما ئۆيلەرنى ياساشتىن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كۆپلىگەن ئويۇش، قىرىش ئەسۋابلىرى (تۆمۈر ۋە مىس قاتارلىقلاردىن ياسالغان) ئىجاد قىلىنىپ، ياغاچنى ئويۇش ئارقىلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساش كەڭ تۈردە ئومۇملاشقان». ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياغاچتىن پايدىلانغانلىقى ھەققىدىكى دەسلەپكى يازما مەنبە ھازىرچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» بولۇپ، ئۇنىڭدا ياغاچتىن پايدىلىنىشنىڭ دەسلەپكى ئۆرنەكلىرى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ ... ئاشۇ ياغاچلارنى كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتتى». «ئوغۇز خاقانىنىڭ لەشكىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىلىگ ئىدى. بۇ چېۋەر ئادەم بىر ئېگىز ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ئۈستىگە جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلىدى. ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىيمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزدى. نۆكەرلەر، ئەل ـ جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىدى. ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا ‹قاڭغا ـ قاڭغا› دېگەن ئاۋاز چىقاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ‹قاڭغا› دەپ ئات قويدى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ياغاچ ئىنتايىن مۇھىم تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ

يېرى بولغاچقا، ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن سەنئەت نەمۇنىلىرىگە قارايدىغان بولساق، ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. تارىم ۋادىسىدىكىلەر قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئېڭىنى سىڭدۈرۈپ ئىجاد قىلىپ كەلگەن قول - ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارمۇ باشقا بۇيۇملارغا ئوخشاشلا سىپتا ئىشلەنگەن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ياغاچتىن ھەرخىل نەرسىلەرنى ياساش كەڭ تۈردە ئەۋج ئېلىشقا باشلاپ، كەسىپلىششكە يۈزلەنگەن، «بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى قۇمۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان ھارۋا چاقى، ياغاچ چېلەك، ياغاچ پەتنۇس، شۇنىڭدەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى جىنسقا تېۋىنىش ئادىتىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان ياغاچ قونچاق قاتارلىقلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن ئاز دېگەندىمۇ 3200 يىللار بۇرۇن ياغاچ ئويمىچىلىق مەدەنىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، ياغاچتىن نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارنى ياساپ، ئۆز تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغانلىقىنى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ». تۇرپان رايونىدىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، بېزەكلىك مىڭئۆيى، يارغول، سۇ بېشى قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق ئورۇنلاردىن نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قىرىپ ياسالغان ھاسا، ياغاچ چازا، ياغاچ دەستەك، ياغاچ تەخسە، چۆچەك، ياغاچ سىرغا، ياغاچ كورە، دۇشە، ئارغامچا توقۇنىكى، ياغاچ چۆمۈچ، ياغاچ سوغا، بىرنەچچە تال ياغاچ مەتبەئە ھەرپى، كالا قوشۇلغان ياغاچ ھارۋا قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن ئەينى يىللاردا خەلقىمىزدە ياغاچچىلىقنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ، ياغاچچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ياغاچتىن مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساپ، نەشر، مەتبەئەچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن كىتاب، ۋەسىقىلەرنى

## ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

يېزىپ، بېسىپ قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن باشلاپ، كوللېكتىپ ھالدا ئورمانلىقلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، تاغ ئېدىرلىقلىرىدىكى تەبىئىي ئۆڭكۈر ۋە كېمىرلەردە ياشىغان. كېيىنچە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىيا جىغا ئاساسەن ئۆڭكۈر ئىچىنى رەتلەش، تۈزلەش، تاش پالتىلاردىن پايدىلى نىپ، دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ ئۆي ياساپ، تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ياخشىلاش پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىناكارلىق ئۇقۇمى مەيدانغا كەلگەن. خەلقىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مەز گىللەردە ياغاچتىن ياسالغان چېدىر ئۆيلەردە تۇرۇپ، ئاياق، تەڭنە، قوشۇق كات قاتارلىق ياغاچ بۇيۇملارنى ئىشلىتىپ، «قاڭغا» دەپ ئاتىلىدىغان يوغار كۆتەك ھارۋىلاردا سۇ ۋە يايلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرگەن. قىسقى سى، ياغاچچىلىقنىڭ ئىنسانلار بىلەن بولغان چەمبەرچاس مۇناسىۋىتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن.

دېمەك، ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇمات



لاردىن قارىغاندا، يۇرتىمىزدا تەخمىنەن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ئىپتىدائىي بىناكارلىق مەيدانغا كەلگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىلى 4 - سانىدىكى «تاشقورغان ناھىيە جىرغالدىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ماقالىدىكى بايانلار بىلەن تارىم ۋادىسى ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى ھېسابلانغان لوپنۇر ناھىيىسى، قۇمۇل سەنداۋلىك قاتارلىق جايلاردىكى ئىپتىدائىي كەنت ئىزلىرىدىن تېپىلغان «بىناكارلىق» ئىزلىرى بۇنىڭغا ئىسپات بولالايدۇ. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 - يىلدىن مىلادىيە 5 - ئەسىرلەرگىچە يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سېپىل سوقۇپ، شەھەر - قەلئە ياساش بارلىققا كەلگەن. شەھەر - قەلئە ياساش ئىشلىرىدا ياغاچچىلىق، بىناكارلىق ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ، بۇ كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن.

كېيىن خەلقىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق تارىخى بىلەن خوشلىشىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەھەر دۆلەتلىرىنى قۇرغان. بۇددا دىنىنى تەرك ئېتىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بۇ جەرياندا ياغاچچىلىق كەسپى يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ، گۈللەنگەن دەۋرنى كۆتۈۋالغان. دېھقانچىلىقتا، قاتناش، ترانسپورت ئىشلىرىدا، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ياغاچچىلىقنىڭ ئەڭ نەپىس ئۆلگىلىرىدىن ياسالغان بۇيۇملار ئىشلىتىلىش بىلەن بىرگە، ئولتۇراق ئۆي، مەسچىت، خانىقالار، مەدرىسە، مەقبەرىلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ياغاچچىلىق بىلەن نامايان بولغان. بولۇپمۇ ئىسلام بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ پۇختىلىقى، نەقىشلىرىنىڭ نەپىسلىكى، كۆركەملىكى قاتارلىق خاسلىقلىرى بىلەن داڭ چىقىرىپ، بۇ قۇرۇلۇشلارنى مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئابىدىگە ئايلاندۇرغان.

ئالايلى، ھازىر دۇنياغا مەشھۇر بولغان قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق





خوجا مازىرى، مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسى، تۇرپاندىكى سۇلايمان خوجا مۇ-
نارى، قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئو-
رۇنلىرىدىكى خانىقا، مەسچىتلەر، بىر قىسىم گۇمبەزلەر ياغاچتىن ياسال-
غان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كۆركەم، نەپىسلىكى بىلەن ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ يۇكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى، ياغاچچىلىقتا ئوخشاش قول ھۇنەر-
ۋەنچىلىك كەسىپلىرىدىكى ئۇستىكارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

## 2 - پاراگراف ياغاچچىلىقنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئورنى

تارىختىن بۇيان تۇرمۇشىمىز ياغاچچىلىقتىن، ياغاچ بۇيۇملاردىن ئايرىل-
ماي كەلگەن. ياغاچچىلىقنىڭ تۇرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، گەرچە ھەم-
مىسىدە ياغاچ ماتېرىيال قىلىنىدىغان، ياغاچچىلىق ئاساسىي لىنىيە بولى-
دىغان بولسىمۇ، ھەر بىر تۇر ھۇنەر - سەنئىتىنىڭ، ئىش ھالقىسىنىڭ،
مەھسۇلاتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ مۇستەقىل كەسىپ بولۇپ شەكىل-

لىنگەن. مەسىلەن، ياغاچچىلىقنىڭ تۈرلىرى بولغان قىرمىچىلىق، ساندۇق-چىلىق، بۆشۈكچىلىك، قوشۇقچىلىق، ئويمىچىلىق، چالغۇ ئەسۋاب ياساش قاتارلىق كەسىپلەر ئاجايىپ نەپىس سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن تۇرمۇ-شىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى فولكلور دۇردانىلىرىگە ئايلانغان.

ھەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى كىچىكىدىن باشلاپلا، قويۇق ياغاچ ئەسۋابلار مۇھىتىدا چوڭ بولىدۇ، ياغاچچىلىقنىڭ ئاددىي ساۋاتلىرى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئائىلىلەردىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىشىك، دې-رىزە، تەڭنە، ساندۇق، بۆشۈك، قوشۇق، كارىۋات، كات، ئورۇندۇق، ئىشكاپ، شىرە، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان هارۋا، كۈرە، ئارا قاتارلىقلارنىڭ ھەم-مىسى ياغاچتىن ئىشلەنگەن بولۇپ، بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھەر بىر ئىش هالقىمىز ياغاچ ئەسۋابلار بىلەن، ياغاچچىلىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ياغاچسىز تۇرمۇ-شىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماي-دۇ. شۇڭا، ھەر بىر ئائىلىدە دېگۈدەك بىرەردىن كەكە، بولقا، ھەرە قاتارلىق سايمانلار بولىدۇ. كىشىلەر كەتمەن، گۈرجەكلەرنى ساپلاش، ئاددىي ئورۇن-دۇق، جاھازلارنى ياساش قاتارلىق دەسلەپكى مەشغۇلاتلارنى ئۆزلىرى ئو-رۇندايدۇ. بالىلارمۇ قىش كۈنلىرى تور، چانا، ۋاللەي كالتىكى ياساش؛ ياز كۈنلىرى شال پارچىلىرىدىن كىچىك ئويۇنچۇق، ئورۇندۇقلارنى ياساش ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ ئۆگىنىدۇ. دېمەك، ياغاچچىلىق خەل-







قىمىز ئۇچۇن ئەڭ يېقىن، ئەڭ تونۇشلۇق، ئەڭ ئاددىي ھۈنەر - كەسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ياغاچچىلىقنى ئاسان ئۆگىنىۋالالايدۇ.

## 3 - پاراگراف ياغاچچىلىقنىڭ تەرەققىياتى

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە مېتال ۋە باشقا تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن يېڭىدىن يېڭى مەھسۇلاتلار مەيدانغا كېلىپ، ياغاچ مەھسۇلاتلارغا روشەن خىرىس ئېلىپ كەلدى. ياغاچچىلىقمۇ بىر مەزگىل ئېغىر كىرىزىسقا دۇچ كەلدى. لېكىن، كىشىلەر تەرەققىياتنىڭ ھاسىلاتلىرىغا مەلۇم دەرىجىدە تويۇنغان ھەم تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن سەلبىي ئامىللارنىمۇ ھېس قىلغاندىن كېيىن، قايتىدىن ئەنئەنىلەرگە يۈزلىنىپ، ئۆزلۈك ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر نەزىرىنى ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلەرگە، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپ، تۇرمۇش شەكلى، قەدىمكى بۇيۇم، مەھسۇلاتلارغا تىكىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ قايتا گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. مانا ھازىر قاراپ باقساق، ياغاچچىلىقتا ئوخشاش ھۈنەر - كەسىپلەر قايتىدىن

جانلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

مەيلى جەمئىيەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، تۇرمۇشىمىز مۇقەررەر ھالدا ياغاچتىن، ياغاچ بۇيۇملاردىن ئايرىلالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھاياتى ياغاچتىن ئايرىلمىغان ئىكەن، ياغاچچىلىق كەسپىمۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. گەرچە ھازىر تۇرمۇشىمىزدىن تەڭنە، ياغاچ نوگاي قاتارلىق بىر قىسىم ياغاچ بۇيۇملار سىقىپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن يەنىمۇ كۆپ بولغان ياغاچ مەھسۇلاتلار تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كىرمەكتە. مەسىلەن، ھازىر يېزىلاردا ياغاچ پېشايۋانلىق، ياغاچ ئايۋانچىلىق، كۆركەم دەرۋازىلىق ئۆيلەرنى سېلىش ئەۋج ئالماقتا. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ياغاچ بۇيۇملار ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى، زىيانسىزلىقى، ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى، كۆركەملىكى، چوڭ سۇپەتلىكلىكى، پۇختىلىقى، نەپىسلىكى، ھۈنەر - سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن مەڭگۈ ئالقىشقا ئېرىشىدۇ ۋە ئېرىشمەكتە. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن خەلقىمىز ياغاچ ماتېرىياللىرىغا قايتىدىن يۈزلىنىپ، ياغاچچىلىقنى يېڭى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلدى.



بىز دائىم تېلېۋىزور ۋە گېزىت - ژۇرناللاردىن چەت ئەللەردە دۇپ، شەمشاد، كامفورا، چىنار، قارىغاي ياغاچلىرىدىن ياسالغان ئېسىل ئۆي جاھازىلىرىنى، شىرە، ئورۇندۇقلارنى، پىئانىنو قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ كۆپ ئىش-



لىتىلىدىغانلىقىنى، بۇ بۇيۇملارنىڭ نەچچە يۈز يىللاپ تارىخنى باشتىن كە-
چۈرگەن بولسىمۇ، پېتىدىن چۈشمەي، يەنە شۇ ئەسلىي ئېسىللىكى،
كۆركەم، نەپىسلىكى بىلەن تۇرغانلىقىنى، بۇ خىل بۇيۇملارنىڭ كىمئارتۇق
قىلىپ سېتىش بازارلىرىدا يۈز مىڭلاپ، مىليونلاپ ئامېرىكا دوللىرىغا سې-
تىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، ئاشۇ تەرەققىي تاپقان ئەللەر يېڭى پەيدا
بولغان مېتال تۇرىدىكى مەھسۇلاتلارغا قارىغاندا ياغاچ بۇيۇملارنىڭ تەبىئىي-
لىكىنى، ھەقىقىيلىكىنى، چىنلىقىنى تونۇپ يەتكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ نوقۇل ھالدى-
كى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىقتا، چەكلىك يەرگە تايىنىۋېلىش، نەزەر دائىرىسى
تار، مەدەنىيەت ساپاسى، يېڭىلىقتا ئىنتىلىش روھى تۆۋەن بولۇش، ئادەم
كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇش، بېكىنمە ھالدىكى تار دائىرىلىك تۇرمۇش
چەمبىرىكىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتەلمىگەچكە، ئىدىيە پاسسىپلىقى ئېغىر
بولۇش، بېيىش قەدىمى ئاستا بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا ئېشىنچا
ئەمگەكچىلەرنى سىرتقا يۆتكەش، دېھقان ياشلىرىنى شەھەرلەرگە يۈزلەن-
دۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ھەقسىز ھۈنەر - كەسىپ ئۆگە-
نىش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانلارنى مەلىكىلىك ئىشچىلارغا، ھۈ-
نەرۋەن - كاسىپلارغا ئايلاندۇرۇش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دېھقانلارنى
بېيىتىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىشتىكى ئا-
قىلانە تەدبىر بولۇپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپلەر قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە
ئېرىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل تەدبىر دېھقان ياشلىرىنى ھەقىقەتەن
گۈزەل ئىستىقبالغا باشلاپ بارالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن سوت-
سىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، يېزىلاردا تەۋرىنىشكە چىدامىلىق ئۆي قۇ-
رۇلۇشى ئېلىپ بېرىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەھەر، يېزىلاردا يەنە
چىدامىلىق ياغاچلار بىلەن ئۆي بېزەش، ئۆي جاھازلىرىنى ياسىتىش زور ئې-
قىمغا ئايلاندى. دېمەك، يۇقىرىقىدەك سىياسەت، ئېقىملارنىڭ تۈرتكىسىدە

ياغاچ يېنىك، كۆچلۈك، ئېلاستىكىلىقى ئىگە، سوقۇلۇش ياكى تەۋرەش تەسىرىگە چىداملىق، ئىش قوشۇش ئوڭاي، قۇرغاق ھاۋاغا ياكى ئۇزاق تۈرىمۇ چىداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى ئىگە. لېكىن، ياغاچنىڭ يەنە يېرىلىش، قېيىش، شەكلى ئۆزگىرىش، ئوڭاي ئوت كېتىشتەك مەلۇم يېتەرسىزلىكلىرىمۇ بار. تۇزۇلۇشى جەھەتتە تەكشى بولماسلىقى، ھەرخىل يۆنىلىشتىكى كۆچىنىڭ ئوخشىماسلىقى، پۇتىقى بولۇشى قاتارلىق تەرەپلەرمۇ ياغاچنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى مەلۇم چەكلىمىگە ئۈچرىتىدۇ. ياغاچنى توغرا پەرقلەندۈرۈش، توغرا ئىشلىتىلىش ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا ئىگىلەش ياغاچچىلىقتىكى بىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم ساۋات ھېسابلىنىدۇ.



## 1 - پاراگراف ياغاچنىڭ تۈزۈلۈشى

ياغاچ ئادەتتە دەرەخنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى ۋە يىلتىزى كېسىپ تاش
غاندىن كېيىنكى غول قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ياغاچ — قوۋزاق، ئۆسۈش
ۋتى، ياغاچ قىسمى، پور قاتارلىق بىرقانچە بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. قوۋزاق
ياغاچنىڭ ئەڭ سىرتقى قەۋىتى بولۇپ، تۈزۈلۈشى قوپال، بوش بولىدۇ،
ئوڭاي چىرىيدۇ. پور — ياغاچنىڭ ئەڭ ئىچكى قىسمى، يەنى مەركىزي
قىسمى بولۇپ، تەركىبىدە سۇ كۆپ، چۈرۈك بولىدۇ. ياغاچ قىسمى —
پور بىلەن قوۋزاق ئارىلىقىدا بولۇپ، ئاساسلىق قىسىم ھېسابلىنىدۇ.
بۆلەكتە نۇرغۇن يىل ھالقىلىرى بار. ياغاچنىڭ توغرا كەسمە يۈزىدىن
قارىساق، پورغا يېقىن قىسمىنىڭ يىل ھالقىلىرى زىچراق ئىكەنلىكىنى
كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ قىسمىنىڭ ھۆللۈكى ئاز، قاتتىق بولۇپ، مەركىز
ياغاچ قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قوۋزاققا يېقىن قىسمىدا يىل ھالقىلىرى بە
شالاڭ بولۇپ، سىرتقى ياغاچ قىسمى ياكى سېرىقئەت دېيىلىدۇ. يىل
ھالقىلىرى ئىچىدىكى پورغا يېقىن، يۇمشاقراق، رەڭگى سۇس بولغان
قىسىم ئەتىيازلىق ئۆسۈش قىسمى ياكى كۆكلىگۈچى قىسىم، قوۋزاققا
يېقىن قاتتىق قىسىم، كۈزلۈك ئۆسۈش قىسمى، يەنى قاتقان قىسمى
دېيىلىدۇ.



دەرەخلەر ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇ
يىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ق
يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ ۋە كەڭ يو
ماقلىق دەرەخ دەپ ئىككى چوڭ تۈ
بۆلۈنىدۇ. يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ
يوپۇرمىقى ھەم ئىنچىكە، ھەم ئۇ

بولۇپ، يىڭنىگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يوپۇرمىقى يىل بويى دېگۈدەك يېشىل رەڭدە تۇرىدۇ. دەرەخ غولى ھەم ئېگىز، ھەم تىك كېلىدۇ. بۇ خىل دەرەخلەر ئادەتتە سۈپەتلىك ماتېرىيال قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسەن تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدىغان قارىغاي، ئارچا قاتارلىق دەرەخلەر يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ ئائىلىسىگە كىرىدۇ. كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى كەڭ بولۇپ، يوپۇرماق تومۇرلىرى تورسىمان ھالەتتە بولىدۇ. كۆپ يوپۇرماق تاشلايدۇ. دەرەخ غولى يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭكىدەك تۈز ئەمەس. بۇ خىل دەرەخلەر ئادەتتە تۈزلەڭ رايونلاردا كۆپ ئۆسىدىغان، مۇھىتقا بولغان تەلىپى تۆۋەن، كۆلىمى كەڭ بولغاچقا، ياغاچچىلىقتا ئاساسلىق ئىشلىتىلىدۇ. رايونىمىزدا ئۆسىدىغان ئاق تېرەك، كۆك تېرەك، قاپاق تېرەك، سۆگەت، قارا ياغاچ، ئۈجمە قاتارلىق دەرەخلەر كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخ ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىشتىكى مەقسەت ياغاچ ماتېرىياللىرىنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت.

ئۆي جاھازلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئۆي ـ ئىمارەت زىننەت بۇيۇملىرى، ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ياساشتا ياغاچنىڭ رەڭگى، پارقىراقلىقى، ئۇرۇشلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ياغاچ قۇم قەغەز بىلەن سۈرتكەندىن ۋە سىر بەرگەندىن كېيىن تېخىمۇ پارقىرايدۇ. سۈزۈك سىر ياغاچ ئۇرۇشلىرىنىڭ روشەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

ياغاچنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغاچقا، بىر تال ياغاچتىن ئوخشىمىغان ئۇسۇل بىلەن ھەر خىل ماتېرىيال كېسىۋېلىنسا، ئۇلاردىكى ئۇرۇشلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ياغاچنىڭ ئۇرۇشلىرى ياغاچقا ئىش قوشۇشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. ئادەتتىكى ئەھۋالدا مۇنداق بىرقانچە خىل ئۇرۇش بولىدۇ.

1) ئوڭ ئۇرۇشلۇق شال: ياغاچنى پورلىشىش ئۇرۇشقا پاراللېل يۆنىلىش بويىچە بويىغا تىلغاندا، ئۇنىڭدىن ئوڭ ئۇرۇشلۇق شال چىقىدۇ. ئوڭ

شىنجاڭ داشۆ كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابى
新疆大学图书馆藏书



## ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

ئۇرۇشلۇك شالنىڭ يىل ھالقىلىرى تۈز، ئۇرۇش ئارىلىقلىرى تەكشى قاتتىق بولۇپ، ئوڭاي قېيىشۋالمايدۇ، بۇ خىل شالدىن بىر نەرسە ياساش ئوڭاي بولىدۇ. رەندە قانداق يۆنىلىشتە سىلىنسا ياغاچ يۈزى تەكشى ھە سىلىق چىقىدۇ. لېكىن، بۇ خىل شال ئۇرۇش بويلاپ ئوڭايلا يېرىلىپ كې تىدۇ.

2) تەتۈر ئۇرۇشلۇك شال: ياغاچنى يىل ھالقىلىرىغا پاراللېل يۆنىلىشتە



تىلساق، تەتۈر ئۇرۇشلۇك شال چىقىدۇ. بۇ خىل شالنىڭ ئۇرۇشلىرى تا چوققىلىرى شەكلىدە بولۇپ، يىل ھالقىلىرىنىڭ ئارىلىقى تەكشى بولما دۇ، ئوڭاي قېيىشۋالىدۇ، لېكىن ئاسانلىقچە يېرىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ خى شالنىڭ ئۇرۇشلىرى ئەگرى بولغانلىقى ئۈچۈن، رەندىنى ئۇرۇش يۆنىلىش نى بويلاپ سىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا رەندە بوغىزىغا پۈزەك قاپلى

شىۋالىدۇ.

3) رەتسىز ئۈرۈشلۈك شال: پۈتاقلىق ياكى باشقا سەۋەبتىن زەخىملەنگەن ياغاچنى قايسى خىل يۆنىلىشتە تىلايلى، ئۇنىڭدىن چىققان شال ئۈرۈشلىرى رەتسىز بولىدۇ. مۇنداق شالغا ئىش قوشقاندا پۈتاقنىمۇ قىرىپ چىقىرىۋېتەلەيدىغان رەندە ئىشلىتىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا شالنىڭ ئۈرۈشلىرى ناھايىتى چىرايلىق چىقىدۇ.

## 2 - پاراگراف ياغاچنىڭ خۇسۇسىيىتى

1) ياغاچنىڭ قاتتىقلىقى — ياغاچنىڭ قاتتىقلىقى ھەرخىل دەرەخلەردە،





ياغاچنىڭ ئۆچىدا، غولىدا ۋە يانتۇ يۈزىدە ئوخشاش بولمايدۇ. دەرەخلەر ياغى
چىنىڭ قاتتىقلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قاتتىق ياغاچلىق دەرەخ ۋ
يۇمشاق ياغاچلىق دەرەخ، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياغاچنى كەسكەندە، رەندى
لىگەندە، تەشكەندە ياكى ياغاچ سۈركىلىش، سىلىكىنىش، ئۈرۈلۈش تەسىرى
گە ئۇچرىغاندا ئۇنىڭ قاتتىقلىقى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ.

2) ياغاچنىڭ ھۇنەر ـ سەنئەتكە باب كېلىدىغان خۇسۇسىيىتى. ياغا
سىرتقى مېخانىك كۈچنىڭ تەسىرىدە رەندىلىنىدۇ، يونۇلىدۇ، ھەرىلىنىدۇ
قىرىلىدۇ، سىلىقلىنىدۇ، تېشىلىدۇ، يېرىلىدۇ. ياغاچنىڭ بۇ خىل خۇسۇ
سىيىتى ياغاچنى ئەسلىدىكى ياغاچقا ھەرخىل ئىش قوشۇش ئارقىلىق، م
تېرىيالنى ئىستېمال قىممىتىگە ۋە ياساش تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## 3 ـ پاراگراف ياغاچنى قۇرۇتۇش

ياغاچنى كېسىپ، يۈتكەپ، يىغىپ ساقلاش جەريانىدا، شامالداپ ھۆللۈ
كى ئىلگىرىكىدىن ئازايىسمۇ، لېكىن ياغاچتىكى ھۆللۈك نىسبەت تەلىپ
دىن خېلى يىراق بولىدۇ. ياغاچنىڭ ھەجمى چوڭراق بولغاچقا ئوڭاي قۇر
مايدۇ. بولۇپمۇ سۇدا ئېقىتىپ توشۇلغان ياكى سۇدا ئۇزاق تۇرغان ياغاچ ت
خىمۇ ھۆل بولىدۇ. شۇڭا كېسىپ ئۆلچەملىك شەكىلگە كەلتۈرگەندى
كېيىن قۇرۇتۇش چارىسىنى قوللىنىپ، ھۆللۈكىنى مۇمكىن بولغان دائى
رىگىچە تۆۋەنلىتىشكە بولىدۇ. قۇرۇغان ياغاچ چىرىمەيدۇ، يېرىلمايدۇ، قىي
ۋالمايدۇ. يېنىك، كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنداقلا رەندىلەش، چىرىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش چارىلىرىنى قوللىنىش ۋە سىرلاش ئوڭاي بولىدۇ.

ياغاچنىڭ قۇرۇشى تېمپېراتۇرا، نىسبىي نەملىك ۋە ھاۋا ئېقىمىنىڭ تېزلىكىگە باغلىق. ئادەتتە تېمپېراتۇرا قانچە يۇقىرى بولسا ياغاچنىڭ قۇرۇشىمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ. لېكىن تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ياغاچنىڭ ئىچى بىلەن سىرتىنىڭ قۇرۇشى ئوخشاش بولمايدۇ ـ دە، كۆچى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

كېسىپ كېلىنگەن ياغاچنى قوۋزىقىنى سويۇپ كېسىپ، مۇۋاپىق شەكىلگە، مەلۇم چوڭ ـ كىچىكلىككە كەلتۈرۈپ، قۇرۇق، تەكشى، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، ئوت ـ چۆپ يوق، سۇدىن يىراق، سايىراق جايغا (تېز قۇرۇتۇشقا توغرا كەلگەندە ئاپتاپقا قاقلاپ قۇرۇتۇلسىمۇ بولىدۇ) دۆۋىلەپ، ياغاچ تەركىبىدىكى سۇ تەبئىي پارلىنىش رولى بىلەن تەدرىجىي چىقىرىۋېتىلىدۇ. دۆۋىلەپ قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ياغاچنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ تاللىنىدۇ.





ئۈچىنچى باب

# ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى

ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرى ھەققىدىكى ئاساسىي چۈشەنچىگە ئىگ
بولۇش ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش ياغاچچىلىقنى ئۆ
گىنىشنىڭ ئاساسى. ياسىلىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ
ياغاچچىلىق كەسپىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۆي - ئىمارەت
ئۇستەل - ئورۇندۇق، ئىشكاپ، كارىۋات قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىنى ياسايد
غان ياغاچچىلىق — بىناكارلىق ۋە ئۆي جاھاز ياغاچچىلىقى دەپ ئاتىلىدۇ
بىناكارلىق ۋە ئۆي جاھاز ياغاچچىلىقىمۇ چوڭ ياغاچچىلىق ۋە ئۇششاق ي
غاچچىلىق، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىناكارلىق ياغاچچىلىقى چوڭ ياغاچ
چىلىق، ئۆي جاھاز ياغاچچىلىقى، ئۇششاق ياغاچچىلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

## 1 - پاراگراف سىزىش ئەسۋابلىرى

ياغاچتىن مەلۇم شەكىل ۋە نىسبەتتىكى قۇرۇلما ياكى بۇيۇملارنى ي
ساشتا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆلچەش، يەنى سىزىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا ك
لىدۇ. سىزىش ياغاچچىلىقتىكى دەسلەپكى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم مەشغۇلا
بولۇپ، بۇ ياغاچچىدىن مول تەجرىبە، ئوچۇق زېھنىي قۇۋۋەت، ئۆتكۈر كۆ
بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىزىشنىڭ مۇقەددىمىسى «قا
كۆرۈش» تە بولۇپ، ياغاچچى ئالدى بىلەن قولىدىكى بىر پارچە ياغاچ ياك

تاختىنى كۆزىگە ئۆدۈللاپ يانتۇ تۇتۇپ، ياغاچنىڭ قىيسىق ـ تۈزلۈكىنى، ئويمان ـ چوڭقۇرنى بىلەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ياغاچچىلىقتىكى ناھايىتى مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىزىشتا سىزىش ئەسۋابلىرىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان سىزىش ئەسۋابلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئادەتتە تۈز مېتىر، قاتلىما مېتىر، قارىلىق، ئەگرى سىزغۇچ، قىيپاش سىزغۇچ، سېركۇل، خەتكۈچ قاتارلىقلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.



1) تۈز مېتىر — تۈز سىزىق سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان مېتىر بولۇپ، مېتىر سىستېمىسىدىكى شەھەر ـ بازار ئۆلچەم سىستېمىسىدىكى مېتىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھېسابلاش ياكى ياساشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەتتە مېتىر قوللىنىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىكى ۋە يېزىلىشى مۇنداق بولىدۇ:

1 مېتىر= 10 دېتسىمېتىر = 100 سانتىمېتىر= 1000 مىللىمېتىر

2) قاتلىما مېتىر — قاتلىنىدىغان مېتىر بولۇپ، بۇنى ئېلىپ يۈرۈش، ئىشلىتىش ئوڭاي بولغاچقا ياغاچچىلار كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. يەنە بىرى يۈگىمە پولات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ بىر مېتىر، ئىككى مېتىر ۋە ئۈچ مېتىرلىقلىرى بار. ئىشلىتىشكە ئەپلىك، بەلگىلىرى ئېنىق، ئۆلچەملىك.

3) ئەگرى سىزغۇچ — ئەگرى سىزغۇچ ياغاچچىلارنىڭ سىزىق سىزىش ۋە ماتېرىيالنىڭ ئۆلچەمگە لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئەسۋابى. ئۇ سىزغۇچ ۋە دەستىدىن تۈزۈلىدۇ. قومۇش قەلەمنى سىزغۇچقا تىرەپ سىرغاندا تۈز سىزىق سىزىلىدۇ. ئەگرى



سىزغۇچ دەستىسىدە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ماتېرىيالنى ئۆلچىگىلى بولىدۇ. سىزغۇچ بىلەن دەستە ئارىلىقىدىكى بۇلۇڭ 90 گرادۇس بولىدۇ. ئەگرى سىزغۇچ ئادەتتە ماتېرىيال يۈزىنىڭ تەكشى ياكى تەكشى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشتە، رەندىلەنگەن ياغاچ بۇرجەكلىرىنىڭ تەڭ بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشتە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.





4) قىيپاش سىزغۇچ — بۇ رامكا تىپىدىكى جاھازلارنىڭ بۇلۇڭلىرىنى سىزىشقا ئىشلىتىلىدۇ. تۈزۈلۈشى ئەگرى سىزغۇچقا ئوخشاپ كېتىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ قىيپاش تەرىپىلا ئارتۇق بولىدۇ. قىيپاش سىزغۇچنىڭ يانتۇ تەرىپى بىلەن قالغان ئىككى تەرىپى ئارىسىدىكى بۇلۇڭ 45 گرادۇس بولىدۇ. شۇڭا 45 گرادۇسلۇق قىيپاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىيپاش سىزغۇچ پولاتتىنمۇ، ياغاچتىنمۇ ياسىلىدۇ. ياغاچتىن ياسالغىنى يېنىك، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولىدۇ. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؛ پولاتتىن ياسالغانلىرى چىداملىق، توختاملىق بولۇپ، سىزىق سىزغاندا بىر قەدەر مۇقىم تۇرىدۇ. لېكىن ئېغىرراق، قىشتا قولنى توڭلىتىدۇ.



5) ھەرىكەتلىك قىيپاش سىزغۇچ — ياغاچ قۇرۇلمىلار ياكى بۇيۇملارنىڭ بۇلۇڭلىرى ھەمىشە بىر خىل ياسالمايدۇ. شۇنداقتا ھەرىكەتلىك قىيپاش سىزغۇچ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەرىكەتلىك قىيپاش سىزغۇچ پولاتتىنمۇ، ياغاچتىن-

## ياغاچچىلىق تېخنىكىسى



مۇ ياسىلىدۇ. ھەرىكەتلىك قىيپاش سىزغۇچ دەستە ۋە سىزغۇچتىن تۈزۈلىدۇ. سىزغۇچ دەستىسىگە ھەرىكەتچان گايكا ئورنىتىلغان بولۇپ، گايكا ئارقىلىق سىزغۇچنى خالىغانچە يۆتكەشكە بولىدۇ. بۇ ئىشلىتىش ئىنتايىن قولاي ئەسۋاب.

6) ياغاچ سىزغۇچ — ياغاچچىلاردا ئۆزلىرى ياسىۋالغان يەنە بىر ئالاھىدە ياغاچ سىزغۇچ بولىدۇ. بۇ سىزغۇچنىڭ شەكلى U شەكلىدە بولۇپ، پاراللېل ئىككى تۈز ياغاچتىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ سىزغۇچ ئاساسلىقى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇلىدىغان شاللارنىڭ ئىسكىنىدە ئويۇلغان تۆشۈكچىلىرىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، كارىۋات، ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتىنى ياساپ، بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، تۆشۈكلەرگە كىرگۈزۈشتە پەگەز تۆشۈكنى مۇشۇ سىزغۇچتا ئۆلچىۋېلىپ، ئاندىن مۇۋاپىق كەلسە كىرگۈزىدۇ.



7) قارلىق — قارلىق تانا سىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەسۋاب. شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى كەشپىياتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئۆزى يەڭگىل، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇپ، قارلىق كۆتىكى، غالتەك، دۇۋەت ۋە قەلەمدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. قارلىقنى ئىشلىتىشتە ئاۋۋال تانا ئۇزۇنلۇقى بەلگىلىنىپ، ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىغا تۇتۇلىدۇ. ئاندىن بوش سوزۇپ قويۇۋېتىلىدۇ.



ئۇنىڭ بىلەن ياغاچنىڭ ئۈستىدە قارا سىزىق پەيدا بولىدۇ. ئىشلىتىلمەكچى بولغان ياغاچ مۇشۇ سىزىق بويىچە كېسىلىدۇ.

8) خەتكۈچ ــ خەتكۈچ ياغاچقا پاراللېل سىزىقلارنى سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىردىن 30 سانتىمېتىرغىچە، كەڭلىكى 2 سانتىمېتىردىن 3 سانتىمېتىرغىچە بولغان بىر تال تاختىيىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى ياكى ئۇچىدا بىر تىرەش تاپىنى، قىرىدا ھەرىنىڭ چىشلىرىغا ئوخشاش چىشلىرى بولىدۇ. چىش بىلەن تاپاننىڭ ئارىلىقى سىزىق بىلەن ياغاچ قىرىنىڭ ئارىلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

## 2 ـ پاراگراف باشقا زۆرۈر ئەسۋابلار

1) ئاسما ــ ماتېرىيال يۈزىنى گورىزونتال ھالەتتە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كىچىككىنە بىر نەرسىنى يىپقا باغلاپ ساڭگىلىتىپ، ئاندىن ئەگرى سىزغۇچ ئارقىلىق ئاسما يىپ بىلەن تىك سىزىق ھاسىل قىلغان سىزىقنى تېپىمىز. بۇ تىك بۆلۈكنى ھاسىل قىلغان سىزىقنىڭ ئۆزى گورىزونتال سىزىق بولىدۇ. لېكىن بەزى جايلاردا ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا، يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللىنىپ، توغرا ئۆلچەپ چىقىش قىيىن بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئاسما بىلەن ئۆلچىسەكمۇ بولىدۇ. ئاسمىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي بولۇپ، ياساش ئوڭاي.

2) شىپىڭ (تەڭشەك) ــ بۇ تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولغان يېڭى تېخنىكىلىق ئۆلچەش ئەسۋابى بولۇپ، تۈپتۈز مىس قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئىككى بېشىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا





سىماب سۈيۈقلۈقى بار بولۇپ، شىپىڭ
ياغاچلارنىڭ، تاملارنىڭ ھەر قايسى بۇ
لۇڭلارنىڭ تۈزلۈكىنى كۆرۈش ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدۇ. تامنىڭ ئۈستىگە شى
پىڭنى قويساق، ئوتتۇردىكى سىماب
سۈيۈقلۈقى مەركىزىي نوقتىدا تۇرسا
تام تۈز بولغان بولىدۇ. بۇلۇڭلارنى كۆ
رۈشتە، ئىككى باشتىكى سىماب سۈيۈق
لۇقىغا يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچ
قاراپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.





3) ئۈشكە ــ ياغاچچىلار تۆشۈك تې
شىشكە ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب بولۇپ
ئىلگىرىكى يىللاردا ئەنئەنىۋى شەكىل
دىكى تاسمىلىق ئۈشكە، كېيىنرەك
كالۋۇرات، بۇرمىلىق ئۈشكە قاتارلىقلا
ئىشلىتىلگەن. ھازىر ئومۇميۈزلۈك
توك ئۈشكىسى ئىشلىتىلىدۇ. توك
ئۈشكىسى تاپانچا شەكىللىك دەستە
ئىككى تۇتقۇچ ۋە تىغدىن تەركىب تاپ







نۇ. ئۇشكه تىغىنىڭ ئۆلچىمى ھەرخىل بولۇپ، ئۇشكىگه ئالماشتۇرۇپ سال-سىلى، بۇ ئارقىلىق چوڭ - كىچىك تۆشۈكلەرنى تەشكىلى بولىدۇ.

4) بولقا — بولقىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مىخ ئۇرۇش، مىخ سوغۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچچىلار مىخ سوغۇرۇش ئۈچۈن ئاچ-لىق بولقا ئىشلىتىدۇ.



5) تانا — تانا ئادەتتە ئۆلچىمە ئېسىش، بىنا-كارلىق ياغاچچىلىقىدا ئىشىك - دېرىزە ئورۇن-لىرىنىڭ تۈزلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش قا-ئىدىلىرى ئۈچۈن ئىش-لىتىلىدۇ.





6) شىنا ــ ياغاچ پارچىلىرىنى چېپىش،
ئۇچلاش ئارقىلىق ياسالغان ياغاچ مىخ
بولۇپ، ئاساسلىق ھەرخىل چېتىقلارنىڭ يې-
نىغا قىستاپ ئۇرۇلۇپ، چېتىقنىڭ مۇستەھ-
كەملىكىگە، پۇختىلىقىغا كاپالەتلىك قىلى-
نىدۇ.

7) قىسقۇچ ــ ئىككى شالنى ياكى مەلۇم
بۆلىكىنى ئۆزئارا ئۈستى - ئۈستىگە قىلىپ
چېتىشقا توغرا كەلگەندە، شالنىڭ ئۆزئار
تەۋرىنىپ، قېيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىككى قىسقۇ
بىلەن قىسىپ قويۇلۇپ، ئاندىن چېتىلىدۇ.

8) چىباڭ (يەللىك) ــ بۇمۇ تەرەققىيا
نىڭ مەھسۇلى بولغان ئاپتوماتىك م
قېقىش ئەسۋابى بولۇپ، بۇنىڭ پرىنسىپى توك ئارقىلىق يەلنىڭ بېسى




بىلەن مىخ قېقىشتىن
ئىبارەت. بۇ ئاساسلى-
قى پەنەركە مىخلاش،
بارلىق ئۇششاق مىخ-
لارنى ئۇرۇشقا ئىش-
لىتىلىدۇ. چىباڭنىڭ
مەيدانغا كېلىشى يا-
غاچچىلارنىڭ ۋاقتىنى
زور دەرىجىدە تېجەپ،
ئىش سۈرئىتىنى يۇ-
قىرى كۆتۈردى. بۇرۇن-





ىسىدىك ھەر بىر تال ئۇششاق مىخنى بولقا بىلەن ئايرىم - ئايرىم ئۇرۇش ھا-
لىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، مىخ ئۇرۇش مەشغۇلاتىنى چىباك بىلەن تېز سۈر-
ئەتتە تاماملايدىغان ھالەت شەكىل-
لەندى. ئادەتتە چىباكنىڭ باھاسى
سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلى-
كىگە قاراپ، 400 يۈەندىن 500







يۈەنگىچە بولىدۇ.

9) مىخ تاپانچىسى — ئىشلىتىل-
ىدىغان مىخنىڭ ئوخشىماسلىقىغا





قاراپ مىخ تاپانچىسىنىڭ تىپىمۇ ئوخشىمايدۇ. لېكىن شەكلى، ئىشلىتى
لىش پرىنسىپى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مىخنىڭ چوڭ ـ كى
چىكلىكى ئوخشاش بولمىسىمۇ، شەكلى كىتاب، ماتېرىيال تۆپلەيدىغا
مىخلىغۇچ مىخنىڭ شەكلىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مىخ تاپانچىسىدا ئادەتت
چىباڭغا ئۇلاپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ، مىخ ئۇرغاندا قاتتىق ئاۋاز چى
قىدۇ.

## 3 ـ پاراگراف ھەرىدەش ئەسۋابلىرى ۋە ھەرىدەش ئۇسۇللىرى

### 1. ھەرىدەش قائىدىسى

ھەرە ياغاچچىلىقتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، بىر ھې
سابتا ھەرىنى ياغاچچىلىقنىڭ سىمۋولى دېسىمۇ بولىدۇ. ھەرە ياغاچنى ئاس
سەن چىشى ئارقىلىق كېسىدۇ. چىش ھەرە تىغىنىڭ ئۆزىدىن چىقىرىلىدۇ
تىغ چىشنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە يېگىدىن چىش تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ



ياغاچ ھەرىدەلگەندە، ھەرىنىڭ بېسىمى ئارقىلىق كېسىلىپ، ياغاچ كېپەك-
لىرى ھاسىل بولىدۇ ۋە كېپەك سىرتقا چىقىرىلىدۇ. بۆلارنىڭ ھەممى-
سى ھەرە چىشىنىڭ رولى ئارقىلىق بولىدۇ. ياغاچنى ھەرىدىگەندە ھەرىنىڭ
تېز ياكى ئاستا سىلجىشى، ئادەمنى ھاردۇرۇش ـ ھاردۇرماسلىقى، چىشى-
نىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈك بولۇشى، ئوڭاي گاللىشىشى ياكى ئۇزاق چىدىشى، ھە-
رىدەش سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشى، ھەرە تىغىنىڭ شەكىل ئۆزگەرتىشى —
مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرە چىشىنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

## 2. ھەرە تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى

ھەرىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەرە كېسىش يۆنىلىشىگە قاراپ
تۈز(توغرا) كېسەر ھەرە ۋە ئەگرى(ئويما) كېسەر ھەرە دەپ ئىككىگە بۆلۈنى-
دۇ. تۈز كېسەر ھەرە تۈز يۆنىلىش بويىچە كېسىدىغان ھەرە بولۇپ، بۇنى يا-
غاچچىلار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدۇ؛ ھەرىدىگەندە ئەگرى يۆنىلىش بويىچە سىل-
جىيدىغان ياكى يۆنىلىشى كۆپ ئۆزگىرىدىغان ھەرە ئەگرى كېسەر ھەرە دې-

يىلىدۇ. ھەرە ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ توغرا كېسەر ھەرە ۋە تىلما ھە-
رىگە بۆلۈنىدۇ. ياسىلىشىغا قاراپ تۇرۇم ھەرىسى، جادۇ ھەرە، قول ھەرىسى،
سىم ھەرە، بۇرۇچ ھەرە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

ئادەتتە قاتتىق، ھۆل ياغاچلار كەڭ چەپرازلىق ھەرىدە؛ يۇمشاق، قۇرۇق
ياغاچلار تار چەپرازلىق ھەرىدە كېسىلىدۇ. چوڭ ياغاچلار كەڭ چەپرازلىق
چوڭ چىشلىق ھەرىدە، كىچىك ياغاچلار تار چەپرازلىق كىچىك چىشلىق
ھەرىدە كېسىلىدۇ. تۈز كەسكەندە كەڭ تىغلىق ھەرە، ئەگرى كەسكەندە تار
تىغلىق ھەرە ئىشلىتىلىدۇ.

ھەرىنىڭ ياغاچچىلىق مەشغۇلاتىدىكى سالمىقى زور بولغاچقا، بۇرۇن يا-





غاچچىلىققا شاگىرتقـ
كىرگەن ياشلارنىڭ كۆپىنـ
چە ۋاقتى ھەرە تارتىش
بىلەن ئۆتەتتى. ھەتتا ھەر
تارتىشتىن زېرىكىپ، شا
گىرتلىقتىن قاچىدىغان
ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىش

تىن رايى قايتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توك ھەرىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بۇ خىل ھالەتتە زور ئۆزگىرىش بولدى. دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنىڭ بارا - بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ھەربىر كەنت، مەھەللىلەردە بىر - ئىككىدىن ھەرە زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ياغاچ تارتىپ بېرىش كەسپىنى يولغا قويدى.



توك ھەرىسىنىڭ تۈرلىرىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، دەرەخ كېسىشتە ئىشلىتىلىدىغان، بىر ئادەم مەشغۇلات قىلىدىغان ھەرىكەتچان توك ھەرىسى ئىلگىرىكى دەرەخ كېسىش ئاۋارىچىلىكىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. يەنە، تاسمىلىق توك ھەرىسى ھەرە زاۋۇتى ئىلگىرىكى كۈنلەپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، شال تارتىدىغان مۈشكۈلچىلىكىنى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتۇردى. يۇمىلاق توك ھەرىسى كىچىك شاللارنى تىلىشنى قولايلاشتۇردى. ھازىر ياغاچچىلار تېرەكنى كېسىپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن ياكى بىۋاسىتە ھەرە زاۋۇتىغا ئەكىرىپ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، كېسىپ تىلدۇرۇپ، شالغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ياغاچچىلىق مەشغۇلاتىنى باشلايدۇ. ھەرە زاۋۇتى تاسمىلىق توك ھەرىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەرقانداق چوڭ، قاتتىق چوماق، يىلتىزلىق ياغاچلارنىمۇ ئۇرۇلغان قارا سىزىق بويىچە ئۆلچەملىك شالغا ئايلاندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. بۇ ياغاچچىلارغا زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.





## 3. ھەرخىل ھەرىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى

ھەرخىل ھەرىلەرنىڭ ئىشلە-
تىلىش ئۇسۇلى ھەرخىل بولىدۇ.
بۇ يەردە ئاساسلىقى تۇرۇم
(توغرا كېسەر) ھەرىنىڭ ئىشلىت-
ىلىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز.
تۇرۇم ھەرىسى بىلەن ياغاچ ھەرد-
ىگەندە، ھەرە بەزىدە بىر قولدا، بە-
زىدە ئىككى قولدا تۇتۇلىدۇ.
ئەگەر كېسىش يۆنىلىشى بويى-
چە ئايرىشقا توغرا كەلسە، توغرى-
سىغا كېسىش ۋە بويىغا تىلىش
دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.



1) بىر قول بىلەن توغرىسىغا
كېسىش — ياغاچ-
نى ھەرىدىگەندە
سول پۇت ئۇچىنى
ئۇدۇل قارىتىپ،
ئالدىغا چىقىرى-
مىز. ئوڭ پۇت
بىلەن بەدەن يۆنى-
لىشى ئارىسىدىكى
بۇلۇڭ ئاساسەن 45
گرادۇس بولىدۇ.



ھەرىنى كۆچەپ ئىتتىرگەندە، ئارقا پۇتنىڭ تاپىنىنى سەل كۆتۈرۈپ بەدەن كۆچىنى يىغىمىز، لېكىن ھەرىنى كۆچەپ تارتقاندا ئالدى پۇتنىڭ ئۇچىنى كۆتۈرمەسلىكىمىز كېرەك. ھەرە تارتقاندا ماتېرىيالنى سول قولدا، ھەرە سېپىنى ئوڭ قولدا تۇتۇش بىلەن يالغۇز قولنىڭ كۈچىگىلا ئەمەس، بەلنىڭ كۈچىگىمۇ تايىنىپ پۈتۈن كۈچنى ئىشقا سېلىش، قول بەدەننىڭ ھەرىكەتىگە ماسلىشىشى كېرەك. ھەرىنى تارتقاندا بەدەن كۆتۈرۈلىدۇ، ئىتتىرگەندە ھەرە تۆۋەنگە بېسىلىدۇ. ھەرە تارتقاندا بەدەننى ئارقا ـ ئالدىغا ھەرىكەتلەندۈرۈپلا قالماي، بەلنىڭ يۇقىرىسى ئىككى تەرەپكە سەل ھەرىكەتلەندۈرۈلسە، كۈچمۇ تېيىشي ھالدا ئاشىدۇ. ھەرە سائەت ماياتنىكىغا ئوخشاش ئاخىرقى چەشىغىچە ئىتتىرىلىشى ياكى تارتىلىشى كېرەك. «ئىتتىك تۇگمەن ئېزەر ئاستا، ھەرە ماڭسا ئاقار تامچا» دېگەن تەمسىلنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ. ھەردىشكە باشلىغاندا، ھەرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتمەسلىكى ياكى بەدەننى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن سول قول باشمالتىقىنىڭ ياكى بىگىز بارماق تىرنىقى سىزىقنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلۇپ، ھەرە تىغى توساپ تۇرىلىدۇ. ھەرە تىغى ياغاچ ئىچىگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن سەكرەپ كېتىپ قولنى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، سول قولنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن كېسىلگەن يېرىقنىڭ ئۈستى بېسىپ تۇرۇلىدۇ. ھەرە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ـ چىقىپ كېسەلمىگۈدەك ھالەتكە يەتكەندە قول تارتىۋېلىنىشىمۇ بولىدۇ.

2) ئىككى قوللاپ توغرىسىغا كېسىش ــ ياغاچنى ئىككى قوللاپ توغرىسىغا كەسكەندە، ئاساسەن بىر قولدا توغرىسىغا كەسكەن قىياپەتتە تۇرۇلد-





دۇ. ھەرە ئىككى قولدا تۇتۇلغىنى ئۈچۈن، بەدەننىڭ تۇتۇش ئورنى بولۇڭىدا
سەل ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھەرە تىغى ئوڭ كۆكرەككە توغرىلاپ تارتىلىدۇ
ياكى ئىتتىرىلىدۇ. ئاساسەن ئوڭ قول كۈچەيدۇ، سول قول ياردەملىشىدۇ.
بىر قول ئارقىلىق ھەرىدىگەندە بەل يۇقىرىسىنىڭ ھەرىكىتىگە تايىنىلىدۇ.
ئىككى قول بىلەن ھەرىدىگەندە ئاساسەن بەدەننىڭ بېسىش كۈچىگە، بولۇپ-
مۇ بەلنىڭ كۈچىگە تايىنىلىدۇ.

3) ئىككى قوللاپ تىلىش — بۇ خىل تىلىش «موكىسىمان ھەرىدەش»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككى قوللاپ توغرا كەسكەنگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. يا
غاچنى ئىككى قوللاپ ياكى بىر قوللاپ تىلغاندا قايسى قىياپەتتە تۇرۇشنى
بىلىۋېلىش بىرقەدەر قىيىن. دۇرۇس تۇرمىغاندا ياخشى ھەرىدىگىلى بولماي
دۇ ياكى ياغاچ قىڭغىر كېسىلىپ قالىدۇ ۋە ياكى ھەرە سىزىقتىن چىقىپ



كېتىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ھەرە تارتقاندا، ئادەمنىڭ تۇرۇش قىياپىتى مۇنداق بولىدۇ: ھەرىدىلىدىغان ياغاچ مۇۋاپىق ئېگىزلىكتىكى ئاچا ياغاچ ياكى ئورۇندۇق ئۈستىگە قويۇلۇپ ئوڭ پۇت ياغاچقا، سول پۇت يەرگە دەسسەيدۇ. ئوڭ قولدا ھەرە سېپى، سول قولدا قۇلاق بىلەن تىغنىڭ تۇتاشقان يېرى تۇتۇلىدۇ (تىلما تۇرۇم ھەرىسىنىڭ قۇلاق بىلەن تىغ تۇتاشقان يېرىگە بىر قەۋەت لاتا ئورىۋالساق ياكى ياغاچ بېكىتىۋالساق قولنى ئاغرىتمايدۇ). ھەرە تارتقاندا ھەرە تىغى پۇتنىڭ ئىچ ئۇشۇقى، تىز، بېغىش، جەينەكلەر بىر تەكشىلىكتە ھەرىكەتلىنىشى كېرەك. باشنى ئالدى - ئارقىغا، ئوڭ - سولغا ئېگىۋالماستىن بەدەننىڭ ئېغىرلىق مەركىزىگە تىك تۇتۇپ، سىزىقتىن كۆز ئۈزمەي



تۇرۇش كېرەك. ھەربىنى يۆنىلىشىنى يوقاتماي سىزىق بويلىتىپ، بىر خىل يۆنىلىشتە ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ياغاچ قىڭغىر - قىيسىق ھەرىدىلىپ قالىدۇ ياكى ھەرە يولدىن چىقىپ كېتىدۇ. جەينەكنى تىزغا توغرىلاپ تۇرمىغاندا، ھەرە تىغى تىك تۇرماي تىلىنغان ياغاچنىڭ ئۈستى يوغان، ئاستى كىچىك ياكى ئۈستى كىچىك، ئاستى يوغان چىقىپ قالىدۇ. جەينەكنى سىرتقا چىقىرىۋالغاندا، ياغاچنىڭ ئۈستى يوغان، ئاستى كىچىك، جەينەكنى ئىچىگە تارتىۋالغاندا ئۈستى كىچىك، ئاستى يوغان تىلىنىپ قالىدۇ. ياغاچ تىلغاندا بەل كۈچى ئىشقا سېلىنىپ، ھەرە ئىتتىر- گەندە بەل تۆۋەنگە كۈچەپ ئېگىلىدۇ، تارتقاندا كۆتۈرۈلىدۇ.

4) بىر قولدا تىلىش — بۇنىڭدا ياغاچ تىلغۇچى ئادەم ئىككى قوللاپ تىلغان قىياپەتتە تۇرىدۇ. ئوڭ قول ھەرە سېپىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. سول قول كېسىلگەن يېرىقنىڭ سول تەرىپىگە قويۇلۇپ، ئوڭ پۇت بىلەن بىللە ياغاچ نى چىڭ بېسىپ تۇرىدۇ. ھەرە تىغى بىلەن پۇتنىڭ ئىچ ئۇشۇقى، تىز بېغىش، جەينەكلەر بىر تەكشىلىكتە بولىدۇ. بەلنىڭ يۇقىرىسى سەل ھەرى كەتلەندۈرۈلۈپ قول كۈچى ئاشۇرۇلىدۇ.

5) ئويما ھەرە بىلەن كېسىش — ئويما ھەرە ياغاچقا تىك تۇتۇلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ھەرە تىغىنى ئوڭاي بۇرىغىلى بولىدۇ. ئادەمنىڭ ھەرە تارت قاندىكى ھالىتى ياغاچ تىلغاندىكىگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

① ھەرە ياي سىزىقى ئۈستىدىن بېسىلغاندىلا سىزىقتىن چىقىپ كەت مەيدۇ. شۇڭا ھەربىنى ھەر قېتىم تارتقاندا ياكى ئىتتىرگەندە ياي سىزىقى ئۈستىگە بېسىلسا توغرا بولىدۇ.

② ياي سىزىقى ماتېرىيالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا ئاۋۋال ئۇشكە بىلەن سىزىق ئۈستىدىن تۆشۈك ئېچىۋېلىپ، ئاندىن ھەرە ئۇچىنى تۆشۈكتىن كىرگۈزۈش كېرەك.

③ ئېگىلىش كۆپرەك بولغان يەرلەردە ھەرە تىغىنى قايرىش مۇمكىن



بولمىسا، تىغى تېخىمۇ تار بولغان ئويما ھەرىدە ھەرىدەپ بولۇپ، ئاندىن ئادەتتىكى ھەرىدە ھەرىدەش ياكى ھەرىگە توسالغۇ بولغان يەرلىرىنى ھەرىدەپ چىقىرىۋېتىپ، سىزىق بويىچە قايتا ھەرىدەش كېرەك.

④ ماتېرىيالنىڭ بەزى جايلىرىنى بىر خىل يۆنىلىشتە ھەرىدەشكە مۇمكىن بولمىسا، كۆپرەك تۆشۈك ئېچىۋېلىپ بىرقانچە تەرەپتىن ھەرىدەلىشىمۇ بولىدۇ.

⑤ توك ھەرىسىنى ئىشلىتىش — مەيلى ياغاچ تىلىدىغان تاسمىلىق توك ھەرىسى بولسۇن ياكى شال تىلىدىغان يۇمىلاق توك ھەرىسى بولسۇن ھەممىسىدىلا ھەرە مۇقىم تۇرىدىغان بولغاچقا، ياغاچ ۋە ياغاچچىنىڭ ھەرىكەتچان بولۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ھەرە تىغىنىڭ ئالدىدا تۇپتۇز، سىلىق مېتال سۇپا بولۇپ، ياغاچ مۇشۇ سۇپىغا قويۇلۇپ، ئاستا سۈرۈلۈپ، ھەرە تىغىغا ئىتتىرىلىدۇ. قولنىڭ ئىتتىرىش كۈچى بىلەن توكتا تېز ئايلىنىۋاتقان ھەرە تىغى ياغاچنى تېز سۈرئەتتە كېسىشكە باشلايدۇ. ئەڭ مۇھىمى



## ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

توك ھەرىسىنى ئىشلەتكەندە، ياغاچقا ئۇرۇلغان قارىغا قاتتىق دىققەت قىلىش، سەزگۈر، ئېھتىياتچان، ھوشيار بولۇش كېرەك. چۈنكى، توك ھەرىسىنىڭ سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، سەللا بىخەستەلىك كۆرۈلسە، ياغاچ نىشاندىن قېيىپ كېتىشى، ھەتتا ھەرە تىغى قولغا تېگىپ كېتىپ زەخىملەندۈرۈشى مۇمكىن. يۇمىلاق توك ھەرىسگە ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر خىل كىچىك يۇمىلاق تىغ بولۇپ، بۇ ھەرە ئىشىك - دېرىزىلەرگە نەقىش چىقىرىش، شالنىڭ ئۈستىگە كىچىك ئېرىقچا چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تىغنى سېلىپ، شال تارتقاندا، شالنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىمدىلا بىر سانتىمېتىر ئېرىقچا چىقىرالايدۇ.



## 4. ھەرىنى ئاسراش



ئىش ئۈستىدە ھەرىنىڭ تىغى ئېگىلىش، چەپرازلىرى قالايمىقانلىشىش، چىشى گاللىشىپ قېلىش، ھەتتا سۇنۇش قاتارلىق ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ. شۇڭا رېمونت قىلىپ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، ئۇبدان ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھەرىنى ئاسراش — ئىگەكلەش، چەپرازلىرىنى رەتكە سېلىش، تىغ تەگۋالىرىنى تۈزەشتۈرۈش ۋە چىشىنى ئاسراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش ئارقىسىدا ھەرە چىشى گاللىشىپ، كېسىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئادەمنى ھاردۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن پولات ئىگەك سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چوڭ ھەرە زاۋۇتلىرىنىڭ، يەنى توكلۇق تاسما ھەرىسىنىڭ تىغى ياي شەكلىدىكى ئايلانما تىغ بولۇپ، بۇ تىغنى مەخسۇس بىلەيدىغان توكلۇق قۇرۇلما بار. ھەرە تىغىنى بۇ قۇرۇلمىغا ئورناتقاندىن كېيىن بىلەي چاق ھەرە تىغىنىڭ ھەر





بىر چىشىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىلەپ، ئېتىتىكلىتىدۇ.

### 5. ھەرە تاللاش

ئومۇمەن، بىرىنچىدىن، يۈزى تەكشى ھەم نېپىز؛ ئىككىنچىدىن، تىغى كۆچلۈك، ئۆتكۈر؛ ئۈچىنچىدىن، ئاۋازى ساز بولۇشتەك ئۈچ شەرتنى ھازىرلىغان ھەرە ئەلا سۈپەتلىك بولىدۇ. ھەرە تىغنى مۇنداق تاللاش كېرەك:

1) ھەرە تىغىنى بارماق بىلەن سىلاپ، قولنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تىغنىڭ تۈز ياكى تۈز ئەمەسلىكى، ئېگىز - پەسلىكىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكى تەكشۈرۈلىدۇ.

2) ئەگرىلىكى چوڭراق بولۇپ، بارماق بىلەن سىلاپ سېزەلمىگەندە، تىغنى كۆن نۇرىغا تەكشى تۇتۇپ قاراپ ياكى ھەرىنىڭ يەرگە چۈشكەن سايىسىغا قاراپ تۈز - ئەگرىلىكىگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك.

3) ھەرىنى بىر قولدا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولنىڭ باشمالتىقى ياكى بىگىز بارمىقى بىلەن بىر ئۇچىنى چېكىپ، چىققان ئاۋازدىن تىغنىڭ ياخشى ياكى ناچار پولاتتىن ياسالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش كېرەك. ئاۋازى جىرىڭلاپ چىقىپ ئۇزۇن داۋاملاشسا ئەلا سۈپەتلىك پولاتتىن ياسالغان؛ جىغىلداپ چىقىپ تېز توختاپ قالسا ناچار پولاتتىن ياسالغان بولىدۇ.

4) ھەرە تىغىنى ئېگىپ قويۇۋېتىپ ئەسلى ھالىتىگە كېلىشىنىڭ تېز - ئاستا بولۇشىغا قاراپ، ئېلاستىكىلىقىنىڭ ئاجىز ياكى كۈچلۈكلۈكىنى بىلگىلى بولىدۇ. تېز ئەسلىگە كەلسە ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك بولغان بولىدۇ.

## 4 - پاراگراف رەندىلەش ئەسۋابلىرى ۋە رەندىلەش ئۇسۇلى

رەندە ياغاچچىلارنىڭ مۇھىم ئەسۋابى. ئۇنىڭ بىلەن ياغاچنى رەندىلەپ سىلىقلاتقىلى، تۈزلىگىلى، يۇمىلاق، كۆپۈنكە، ئويمان شەكىللەرگە كەلتۈر-

گىلى بولىدۇ. ھەرخىل رەندىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى-
نى بىلىۋېلىش ياغاچچىلىقتىكى مۇھىم بىر ئاساسىي ماھارەت.

## 1. رەندىنىڭ تۈرلىرى

رەندە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تەكشىلەيدىغان ئەسۋاب بولۇپ، قولدا
مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى تېخنىكا ۋە ماھارەت
تەلەپ قىلىدىغان ئاساسلىق ئۈسكۈنىدۇر. رەندىنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى
كۆپ، سۈركەش يۆنىلىشىگە قاراپ ئىتتىرمە رەندە ۋە تارتما رەندە دەپ
ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئىتتىرمە رەندىنىڭ تۇتقۇچى بولىدۇ، تارتما
رەندىنىڭ تۇتقۇچى بولمايدۇ. ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ياپسا رەندە،
كىنىچ رەندە، ئەۋزەل رەندە، ناۋا رەندە، ئەگرى رەندە دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنى-
دۇ. مانا ھازىر تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى بولغان توك رەندىسى رەندە ئائىلى-
سىنىڭ يېڭى ۋە ئاساسلىق ئەزاسى بولۇپ قالدى.

1) ياپسا رەندە ــ بۇ رەندە ئۇزۇن رەندە (سىلىق رەندە)، ئارا رەندە(يىرىك
رەندە)، پەرداز رەندە (سىلىقلىغۇچى رەندە) گە بۆلۈنىدۇ. ئارا رەندە قوپال يا-
غاچلارنى رەندىلەشكە، ئۇزۇن رەندە تۈز ـ سىلىق ياغاچلارنى رەندىلەشكە، ياپ-
سالاشقا، سىلىق رەندە سىلىق ياغاچلارنى، ياسىلىپ پۈتكەن جاھازلارنى سى-
لىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ياپسا رەندىنى ياغاچچىلار ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىدۇ. ياپسا رەندە





كاسما، تىغ، جۈپتەك، تۈتقۇچ، پۈشتەك قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. رەندە كا-
سىسى قېيىۋالمايدىغان، سىلىق، مۇستەھكەم ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ.
رەندە كاسىسىنىڭ ئۈستى دۈمبە، ئاستى قورساق (سۈرگۈچى يۈز)، ئالدى -
كەينى تەرىپى باش ۋە قۇيرۇق، ئىككى تەرىپى يان دەپ ئاتىلىدۇ. ياپسا رەندى-
نىڭ گەۋدىسى ئۇزۇن بولغاچقا، رەندىلىمەكچى بولغان ياغاچ بىلەن ئۈستى -
ئۈستىگە چۈشۈپ، ياغاچنى سىلىق، تۈز رەندىلەشكە ئاساس يارىتىدۇ. ئادەت-
تىكى قىسقا رەندىلەردە ياغاچلارنى كۆچەپ رەندىلىگەندە ياغاچنى ئويۇۋال-
دىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، رەندىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىش-
لىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

2) كىنىچ رەندە — كىنىچ رەندە «L» ياكى «U» شەكىللىك كىنىچلارنى
چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى بىر خىل بولمايدۇ. ئومۇمەن رەندە
كاسىسى تۈتقۇچ، ئارىلىق يەلكە قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. رەندە ئاستىدا
رىلىس شەكىللىك تاپان بولىدۇ. ئارىلىق يەلكىسى كىنىچ بىلەن ياغاچ قى-
رىنىڭ ئارىلىقىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇ مىخ ياكى نېپىز شىنا



بىلەن چىڭىتىلىدۇ. تاپان رەندە تىغىنى كىنىچقا توغرىلاپ كىرگۈزىدۇ ھەم
زۆرۈر بولغان چوڭقۇرلۇقنى ساقلايدۇ. كىنىچ رەندىنىڭ تاپىنى بىلەن تىغى-
نىڭ بىر پۇڭ (3.3 مىللىمېتىر)، بىر يېرىم پۇڭ (4.95 مىللىمېتىر)

ئىككى پۇڭ (6.6 مىللىمېتىر)، ئۈچ پۇڭ (بىر سانتىمېتىر)، بىر سۇڭ (33 مىللىمېتىر) ۋە بىر يېرىم سۇڭ (45 مىللىمېتىر) لىقلىرى بار. رەندە تاپىنىنىڭ بىر پۇڭلۇقتىن ئۈچ پۇڭلۇققىچە بولغانلىرىنىڭ ياغاچتىن ياسالغانلىرىمۇ، ئارىسىغا پولات چىۋىق قىستۇرۇپ ياسالغانلىرىمۇ بولىدۇ. بىر سۇڭلۇقتىن بىر يېرىم سۇڭلۇققىچە بولغان تاپان ھەممىشە رەندە كاسىسىنىڭ ئاستىدىن ئىككى تەرەپنى قىرىپ چىقىرىۋېتىپ، ئوتتۇرىسىنى ئۆلچەم بويىچە قالدۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مۇنداق رەندىلەر ناۋا - ئەۋزەل چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.



3) چاك رەندە ــ بۇ رەندە كىنىچ يېنىنى ياكى ئاستىنى كېڭەيتىدۇ. ئىچ سىزىقلىرىنى قىرىپ تۈزلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق كىنىچ، ناۋا - ئەۋزەللەر ياسىلىدۇ.

چاك رەندىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، رەندە كاسىسى تار بولۇپ، تىغ ئۇچى كاسا ئاستىدىن ئىككى مىللىمېتىر كەڭ بولىدۇ. ياغاچ پۈزەكلىرى ياندىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا پۈزەك چىقىدىغان تۆشۈكنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى كىچىك، سول تەرەپتىكىسى چوڭ بولىدۇ. رەندە تىغىنىڭ كەڭلىكى 20 مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

4) ئەۋزەل رەندە ــ بۇ رەندە ئاساسەن ناۋا - ئەۋزەل، مەسلەن، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ناۋا - ئەۋزەللىرىنى چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەۋزەل رەندە بىلەن ماتېرىيالنىڭ ناۋا - ئەۋزەللىرىنى چىقىرىش ئوڭاي، ياسالغان بۇيۇم-



لارمۇ چىرايلىق بولىدۇ. ئەۋزەل رەندىنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ.

5) داس رەندە ـــ داس رەندە كاسىسى قىسقا، يەڭگىل، ئەپچىل، ئىشلى
تىشكە ئەپلىك بولۇپ، ياغاچنىڭ ياپسا رەندە چۈشمەيدىغان جايلىرىغا ئىش
لىتىلىدۇ. داس رەندىنىڭ كاسىسى چۆيۈن ياكى ياغاچتىن ياسىلىدۇ. تىغى
قۇيما تىغ بولۇپ، ئۇچىغا قۇيۇچ باغلىنىدۇ. داس رەندىنىڭ ئاستى تۈز
يۇمىلاق، قوش ياي شەكىللىك بىرقانچە خىل بولىدۇ. ئاستى تۈز داس رەند
ماتېرىيالنىڭ سىرتقى يايسىنى رەندىلەشكە، ئاستى يۇمىلاق چۆيۈن
ساپلىق رەندە ماتېرىيالنىڭ ئىچ يايسىنى رەندىلەشكە، ئاستى قوش ياي شە
كىللىك رەندە ماتېرىيال ئۈستىگە بىر قېتىمدىلا قوش ياي چىقىرىشقا ئىش
لىتىلىدۇ.

داس رەندىنى ئىشلەتكەندە، ماتېرىيال 0.5 سانتىمېتىر قالدۇرۇلۇپ
قىسقۇچقا قىستۇرۇپ قويۇلىدۇ. داس رەندە بىلەن كىچىك، ئەگرى نەرسىلە
رەندىلىنىدىغان بولغاچقا، يىراقتىن سىرىپ رەندىلىگىلى بولمايدۇ. رەندىل
نىدىغان ماتېرىيالنى ياغاچ قىسقۇچقا قىستۇرغىلى بولمىسا، بەدەن بىلەن





ئىش ئۈستىلىگە نىقتاپ تۇرۇپ، ئىككى قولدا رەندىلەشكىمۇ بولىدۇ. رەندىلىنىدىغان نەرسىنىڭ بىر ئۈچىنى سول قولدا تۇتۇپ، ئوڭ قولدا رەندىلەشكىمۇ بولىدۇ.

رەندىلەش جەريانىدا ياغاچنىڭ تۈز بولغان ـ بولمىغانلىقىنى قول سېزىمىگە تايىنىپ بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، رەندە تىغى ياغاچنىڭ قەيېرىگە چوڭقۇرراق پاتسا، شۇ يېرى ئېگىزرەك بولغان بولىدۇ، رەندىنى ئىتتىرىش قىيىن بولىدۇ؛ رەندە ياغاچقا تېيىزرەك پاتسا، شۇ يېرى ئويمانراق بولغان بولىدۇ، رەندە ئوڭايلا ئىتتىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا رەندىنىڭ تەكشى، سىلىق ئىتتىرىلىش ـ ئىتتىرىلمەسلىكىدىنمۇ تۈز ياكى تۈز ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

توك رەندىسى مەيدانغا كېلىشى بىلەن ياغاچچىلارغا نۇرغۇن قۇلايلىقلار يارىتىلدى. توك رەندىسى ياغاچنى ئەڭ ئاخىرىدا پەرداز قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئىش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى، ئۇنىڭ باھاسى تەخمىنەن 380 يۈەن ئەتراپىدا بولىدۇ.







## 2. قاراش ئۇسۇلى

رەندە سېلىنغان ياغاچنىڭ تۈز، تەكشى، چاسا بولۇش - بولماسلىقى ياغاچچىنىڭ رەندە سېلىش تېخنىكىسىنى ۋە قاراپ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆلچەم. ياغاچچى ياغاچ رەندىلىگەندە، ياغاچنىڭ تۈز بولغان - بولمىغانلىقىنى ئەسۋاب ئىشلەتمەي تۇرۇپ كۆز بىلەن پەرق ئېتەلەيدۇ. ياغاچنىڭ تۈز ياكى تۈز ئەمەسلىكىنى بىلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، ياغاچقا يان تەرەپتىن قاراپ، ياغاچ يۈزىنىڭ ئالدى ئۇزۇنلۇق قىرىنى ئۆلچەم قىلىپ، قارشى تەرەپ قىرىنىڭ ئالدى قىرى بىلەن بىر سىزىق هاسىل قىلغان - قىلمىغانلىقىدىن بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر، بىر سىزىق هاسىل قىلغان بولسا، ياغاچ يۈزى تەكشى بولغان بولىدۇ، يەنە بىر خىل تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرگەندە، تەكشۈرۈلىدىغان يۈزىنىڭ توغرا كەسمە سىزىقى ۋە ئۇنىڭغا يانداش ئىككى بۆلۈكنى ئۆلچەم قىلىپ، ياغاچنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكى ئىككى بۆلۈك ۋە ياغاچ ئۇچىنىڭ تۈز ياكى تۈز ئەمەسلىكى تەكشۈرۈلىدۇ. ياغاچ تۈز بولغان بولسا، قارشى ئۇچىدىكى ئىككى بۆلۈك پاراللېل هالدا توغرا كەسمە سىزىق ئۈستىدە تۇرغان بولىدۇ. ئەگەر بىر بۆلۈكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بولسا، شۇ بۆلۈك ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى بۆلۈك ئېگىز بولغان بولىدۇ. يا-

اچقا قارىغاندا، ئادەتتە ئوڭ كۆز بىلەن يورۇقلۇق يۆنىلىشى بويىچە قارىلى-
دۇ. يورۇققا ئارقىنى قىلىپ تۇرۇپ قارىغاندا، توغرا قاراش تەسرەك بولىدۇ.
شۇنداقتىمۇ ئۆگىنىپ قويۇش كېرەك. قاراش تېز ھەم دەل بولۇشى كېرەك.
ياغاچ رەندىلەشنىڭ قانداق بولۇشى رەندە تىغىنىڭ ئىتتىك بولۇش-



بولماسلىقىغا باغلىق. تىغ ئۇچى ياغاچقا سۈركىلىۋېرىپ مەلۇم باسقۇچقا
يەتكەندە گالللىشىدۇ. مۇنداق چاغدا بىلەش كېرەك.

## 5 ـ پاراگراف كەسكۈچى ئەسۋابلار ۋە كېسىش ئۇسۇلى

كەكە (كىچىك چوت) ياغاچ كېسىدىغان ئاساسلىق ئەسۋاب بولۇپ، ياغاچ
مەيلى چوڭ مەيلى كىچىك بولسۇن، يونۇش ۋە يېرىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدا
ئىشلىتىلمەي قالمايدۇ.

### 1. كەكىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى

كەكە ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش ئوڭاي ئەمەس. بەزىلەر: «كەكە ئىشلى-
تىشنى ئۆمۈر بويى، رەندە ئىشلىتىشنى ئۈچ يىلدا ئۆگىنىسەن» دېگەن
سۆز بىلەن كەكە ئىشلىتىشنىڭ رەندە ئىشلىتىشتىن قىيىنلىقىنى



بىلدۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن جاھاندا قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن ئىش يوق. كەكە ئىشلىتىشنىڭ ئاساسىي قائىدىسىنى ئىگىلىۋالساق، ئۇنىڭ ئۇستىگە تىرىشىپ ئۆگىنىپ مەشىق قىلساقلا ئۆگىنىۋېلىش تامامەن مۇمكىن.

كەكىنى ئىشلەتكەندە، كەكە ئوڭ قولدا، ياغاچ سول قولدا تۇتۇلىدۇ. قول كېسىلىدىغان ئورۇننىڭ ئاستىدا تۇرماسلىقى لازىم. ئاستىنى تۇتقاندا، خە تەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. قول كەكە ھەرىكەتلىنىۋاتقان يۆنىلىشنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇشى، ھەرىكەتلىنىش يولىدا ياكى ئوڭ تەرىپىدە بولماسلى



قى كېرەك. كەكىنى ئوڭ قولدا تۇتۇپ چاپقاندا، ئېگىز كۆتۈرمەستىن، ئاسانلا بىلەك ۋە بېغىشنىلا ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك. ياغاچنى چوڭراق چاپقاندا بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەكىنى يۈرەكلىك ئىشلىتىش، سىلىكىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياغاچنى چېپىلىدىغان ئورۇننىڭ يىراقراق يېرىدىن تۇتۇش كېرەك. كەكە سېپىنىمۇ يىراقراق تۇتۇپ، بېغىش بىلەن بىلەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك.

ياغاچنى چاپقاندا كەكە بىلەن ياغاچ يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى بۇلۇڭ باشتىن ـ ئاخىر بىردەك بولۇشى، ياغاچ بىر ئېگىز، بىر پەس ياكى قىڭغىر ـ قىيسىق چېپىلىپ قالماسلىقى كېرەك.

مەيلى كەكىنى ئىككى قولدا ياكى بىر قولدا تۇتۇپ چاپايلى، ھەرقاچان ياغاچ ئورۇشلىرىنىڭ قانداقلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئوڭ ئورۇشلۇك شالنى قانداق چاپسا بولىۋېرىدۇ. تەتۈر ئورۇشلۇك شالنى ئورۇشلىرىنى بويلىتىپ چاپمىسا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، كەكە چېپىش سىزىقىدىن چىقىپ كېتىدۇ ـ دە، چېپىلىدىغان ياغاچ ئۆلچەمگە لايىق بولماي قالىدۇ.

رەتسىز ئورۇشلۇك ياغاچلارنىڭ پۇتاقلىرى كۆپ، ئورۇشلىرى قالايمىقان، ياغىچى قاتتىق، چېپىش ھەممىدىن قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ئىنچىكىلىك بىلەن زەن سېلىپ، ئورۇش بويلىتىپ چېپىش كېرەك. پۇتاققا دۇچ كەلگەندە تەتۈر ئۆرۈپ تۇرۇپ چېپىشقىمۇ بولىدۇ. تەتۈر چاپقاندىمۇ ئەپلەشمىسە، پۇتاق ياكى رەتسىز ئورۇشلىرى بار ئورۇن ھەردەپ ئېلىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ. پۈتۈن ياغاچنى چاپقاندا يېرىلىپ چېپىش سىزىقىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كەكىنى پۇتاق تۇۋىدىن ياغاچ ئۇچىغا قارىتىپ سېلىش كېرەك. ياغاچنىڭ يۈزى قېلىنراق چېپىلسا، كەكە ياغاچقا كىرىپ قىسىلىپ قېلىپ تارتىپ چىقىرىش قىيىن بولىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ياغاچ يۈزىدىن ھەر 10 سانتىمېتىر ئارىلىقنى چېپىپ ئويۇپ، تالالىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك.

ياغاچنى چاپقاندا، كەكە ياغاچقا يېقىن كەلگىشى ھامان قول بېغىشىنى

كۆچەپ، تېز تۆۋەنگە ئېگىپ بېسىپ، كەكىنى دەل جايىغا سېلىش، ئىلاج بار قىيپاش سېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ياغاچنى سىلىق چاپقىلى بولىدۇ.

ياغاچنى چاپقاندا سىزىلغان سىزىقنى چېپىۋەتمەي، رەندىلەشكە ئورۇن قالدۇرۇش كېرەك. كەكىنى ئاسراپ ئىشلىتىپ، شېغىل ياكى مىخقا سېلىشتىن ساقلىنىش، ئىشلەتمىگەندە ئېگىزرەك جايغا قويۇش كېرەك. يەرگە قويۇپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەندە پۇتنى زەخىملەندۈرۈۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆرە قويۇش كېرەك.

## 2. چاتاش قوراللىرى

بۇ ئاساسلىقى ياغاچ ماتېرىياللىرىنى چاتاش، رەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار بولۇپ، ئاساسلىق قوراللاردىن پالتا، بىگەن، چوت (كەكە) قاتارلىقلار بار. پالتا ئاساسلىقى ياغاچلارنى پۇتاشقا، رەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.



بىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قوش بىسلىق پالتا ۋە تاق بىسلىق پالتا دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) قوش بىسلىق پالتا — بۇ خىل پالتىنىڭ بىسى ئوتتۇرىدا بولۇپ، ئىككى تەرىپى يانتۇ كېلىدۇ. بۇ قوپال ياغاچلارنىڭ شاخلىرىنى پۇتاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بىراق ئۆتكۈرلۈكى تاق بىسلىق پالتىدەك بولمايدۇ.





2) تاق بىسلىق پالتا ـ بۇ خىل پالتىنىڭ بىسى سول تەرەپكە مايىللاشقان بولۇپ، بىسىنىڭ گرادۇس بۇلۇڭى نىسبەتەن كىچىك. بۇنىڭدا پەقەت بىرلا تەرەپكە قارىتىپ شاخلارنى پۇتىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا دەرەخ شاخلىرىنى پۇتاش ئاسان بولۇپ، نازۇك مەشغۇلاتلارنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. پالتىنىڭ ئۆلچىمى: پالتىنىڭ ئېغىرلىقىغا ئاساسەن 1kg، 1.2kg، 1.25kg قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

3) بېگەن ــ شەكلى كەكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن كەكىدىن سەل چوڭ، ساپىقى ئۇزۇن، ئۆرە تۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەسۋاب. ئۇ ئاساسلىقى ياغاچتىكى چوڭ پۇتاق، شاخلارنى چېپىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## 6 ـ پاراگراف ئىسكىنە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئىسكىنە ــ تۆشۈك ئېچىش، كىنىچ چىقىرىش، يونۇش، قىرىشتىكى مۇھىم ئەسۋاب. ئىسكىنە ئادەتتە نېپىز قەلەم ۋە نو قەلەمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۈز بىسلىق ئىسكىنىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى ئوخشاش بولماستىن 3.3، 6.6، 10، 13.3، 16.6 مىللىمېتىرلىقلىرى ھەم 26 مىللىمېتىردىن 45 مىللىمېتىرغىچە بولغان، ئوخشىمىغان قېلىنلىقتىكى نېپىز بىسلىق قەلەم، ئېچىدىن ۋە سىرتىدىن يونىدىغان ئەگرى ۋە تۈز نو قەلەملەر بولىدۇ.



تۆشۈك ئېچىش — ياغاچقا تۆشۈك ئاچقاندا ئىككى پۇتنى ئاچا شەكىل
كېرىپ، ئورۇندۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پۇختا ئولتۇرۇش كېرەك. سول قول
ئىسكىنە سېپىنى تۇتىدۇ. تۆشۈك ئېچىشنى باشلىغاندا، ئىسكىنە ئۇچىن
تۆشۈك سىزىقىدىن 2 — 3 مىللىمېتىر ئىچكىرى قويۇش كېرەك.





تۆتىنچى باب

# جاھاز بۆلەكلىرىنى چېتىش ئۇسۇلى



بۆلەكلەرنى چېتىش — ياغاچ جاھاز بۆلەكلىرىنى قۇراشتۇرۇپ پۈتتۈرۈش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان. ياغاچ جاھازلار ئادەتتە بىر نەچچە ياكى نەچچە ئون پارچە بۆلەكلەرنى مىخلاش، كىرىشتۇرۇپ چېتىش، يەملەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چېتىلىدۇ. چېتىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ چېتىش ئۇسۇلى — ساندۇق تىپىدىكىلەرنى چېتىش، رامكا تىپىدىكىلەرنى چېتىش، شالنى چېتىپ كېڭەيتىش، يۇمىلاق ياغاچقا چاسا ياغاچنى چېتىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنى توغرا قوللىنىش ياغاچ بۇيۇمنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1 ـ پاراگراف مىخلاپ چېتىش

مىخلاپ چېتىش ئۇسۇلى — بۇرمىلىق مىخ بىلەن چېتىش، تۈز مىخ



بىلەن چېتىش، ياغاچ مىخ بىلەن چېتىش، بولت بىلەن چېتىش قاتارلىقلار-
غا بۆلۈنىدۇ.

## 1. بۇرمىلىق مىخ بىلەن چېتىش

بۇرمىلىق مىخ بىلەن چېتىش، كۆپىنچە ئۆي جاھازلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىدا تۈمۈرنى ياغاچقا بېكىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۈچ خىل ئۇسۇل بار. بىرى، ئىشىك - دېرىزىلەرگە گىرەچە ئورناتقانغا ئوخشاش تۈمۈر سايمانلار بۇرمىلىق مىخ ئارقىلىق ياغاچقا بىۋاسىتە ئورنىتىلىدۇ؛ ئىككىن-چىسى، مىخ قالپىقىنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ياندىن قېقىپ چېتىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل بىر يۈزى سىلىق، كۆركەم قىلىنىدىغان جاھازلارنى چېتىشقا مۇ-ۋاپىق. چېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: چېتىلىدىغان ئورۇننىڭ 15 مىللىمېتىر يىراقلىقتىكى يان تەرىپىدىن بىر جايىنى ئۇچبۇرجەك قىلىپ ئويىمىز. ئو-يۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چېتىقنىڭ قىرىغىچە تېشىمىز. تېشىلگەن تۆشۈك بۇرما مىخ دىئامېتىرىدىن بىر مىللىمېتىر چوڭ ياكى مىخنىڭ دىئامېتى-رى بىلەن تەڭ بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ھىملاشتۇرۇپ مىخلاش قىيىن بولىدۇ. ئاندىن بۇرما مىخنى ئۈچ بۇرجەك ئويۇقنىڭ تۆشۈكىدىن كىرگۈزۈپ، ئورنىتىۋېتىمىز؛ ئۈچىنچىسى، مىخنى ياغاچ ئىچىدە قالدۇرۇپ ئېلىپ چېتىش. بېشى ئېگىز، ئايىغى پەس كارنىۋاتقا ئوخشاش چېتىلىد-غان يۈزنىڭ ھەر ئىككىسى سىلىق، چىرايلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان جاھازلارنى چېتىشتا بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇۋاپىق. بۇرمىلىق مىخنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ چېتىلىدىغان ئورۇندىن ئىكتاك توپ پالىقى شەكلىدە ئويۇق ئويۇلىدۇ. ئويۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى چېتىقنىڭ بىر يۈزىدىن سىرتقا چىقىدىغان بۇرما مىخ ئۇزۇنلۇقىدىن ئىككى مىللىمېتىر چوڭقۇر بولىدۇ. چاتقاندا ئاۋۋال سىناپ چېتىپ بېقىش، ئەگەر ھەم چېتىلى-دىغان بولسا ئاجرىتىپ ئېلىپ يېلىم سۈركەپ، قايتىدىن پۇختا چېتىش كېرەك.



لىدۇ. بولت دەستىسىنىڭ ئىنچىكە ـ توملۇقى بىر خىل بولمايدۇ. گايك
ئالتە قىرلىق ۋە تۆت قىرلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئالاھىدە ياسال
غان بولتلارمۇ بولىدۇ.

بولت كۈلۈچ ئارقىلىق ئورنىتىلىدۇ. كۈلۈچنىڭ مۇھىم ئېغىزى ۋە ھە
ركەتچان ئېغىزلىقلىرى بولۇپ، ھەرخىل ئۆلچەملىكلىرى بولىدۇ. بولت
ئورنىتىشتا ئاۋۋال ياغاچقا بولت توملۇقىدىن 1–2 مىللىمېتىر كەڭ
تۆشۈك ئاچىمىز. ئاندىن بولتنى تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈپ، گايكىنى سېلىپ
كۈلۈچ بىلەن تولغاپ چىڭىتىمىز. مۇھىم ئېغىزلىق كۈلۈچتا بىر خىل د
ئامېتىردىكى گايكىلارنى چىڭىتىشقا بولىدۇ. بولتنىڭ داتلىشىشىنىڭ ئال
دىنى ئېلىش ۋە سۈركىلىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئورنىتىشتىن بۇرۇن
ئاپتول ياكى ۋازېلىن سۈركەش كېرەك. ئورناتقاندا گايكىنى سائەت
ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە تولغىساق چىڭىيدۇ. ئۇنىڭ تەتۈرىسى
چە تولغىساق بوشايدۇ. قېقىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇچىغا بولقىنى بىۋاست
ئۇرماستىن، گايكىنى سېلىپ ئايلاندۇرۇپ تۈزلىگەندىن كېيىن، گايكا ئۈس
تىگە بىر خىل تاختىنى قويۇپ، ئۇرۇش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا، رېزب
لىرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

## 2 ـ پاراگراف تۇرۇملۇق چېتىش

تۇرۇملۇق چېتىق مىخلىق چېتىقتىن كۆركەم، يىلىملىق چېتىقتى
پۇختا بولىدۇ. بۇنىڭغا باشقا ماتېرىيال ئىشلىتىلمەستىن، ياغاچنىڭ ئۇ
دىنلا بۆلارنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى ياغاچچىلار كۆپرەك
قوللىنىدۇ. چېتىش ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

1) ئەركەك تۇرۇم ۋە پاقىباش تۇرۇم بىلەن چېتىش

ئىككى تال ياغاچنى «+» شەكلىدە چېتىشقا توغرا كەلگەندە، ئەركەك
تۇرۇم ياكى پاقىباش تۇرۇم چىقىرىپ چېتىشقا توغرا كېلىدۇ.

2) تىك تۈرۈملۈق چېتىش

تىك تۈرۈملۈق چېتىق ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى، تاق تۈرۈملۈق چېتىق؛ ئىككىنچىسى، قوش تۈرۈملۈق چېتىق؛ ئۈچىنچىسى، قىسقۇچ تۈرۈملۈق




چېتىقتىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ خىل چېتىش ئۇسۇلى تىك ياغاچ بىلەن توغرا ياغاچنى چېتىشقا قوللىنىلىدۇ.

3) ئەركەك - چىشى تۈرۈملۈق چېتىش

ئەركەك - چىشى تۈرۈم بىلەن چېتىش ياغاچ جاھازلىرىنى قۇراشتۇرۇشتىكى بىر قەدەر ياخشى ئۇسۇل. مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ياسالغان جاھازلار چىرايلىق، پۇختا بولىدۇ. بۇ خىل چېتىش ئۇسۇلى ياغاچچىلىقتا كەڭ قوللىنىلىدۇ (تۈرۈمنىڭ بىر تەرىپى چىشى تۈرۈم، يەنە بىر تەرىپى ئەركەك تۈرۈم، دەپ ئاتىلىدۇ).







## 3 ـ پاراگراف   يەملەش

يەملەش — يېپىشقاقلىقى زور بولغان يەملىگۈچلەر ئارقىلىق ياغاچ ماتې
رىياللارنىڭ بۆلەكلىرىنى مەھكەم جۈپلەپ، جاھازنى مەلۇم تەلەپكە لايىقلا
تۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ خىل مەشغۇلات ياغاچنى يەملەش دېيىلىدۇ.

يەملەش ئارقىلىق قىسقا ياغاچنى ئۇزارتقىلى، تار ياغاچنى كېڭەيتكىلى، نېپىز ياغاچنى قېلىنلاتقىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرىنىڭ يۈزلۈكلىرىنى يەملىگىلى ۋە تۇرۇملىرىنى چەڭتقىلى، سۇنۇپ، پۇچۇق بولۇپ قالغان قىسىملىرىنى رېمونت قىلغىلى بولىدۇ. يەملەنگەن ياغاچ بۇيۇملار پۇختا، كۆركەم بولىدۇ.

يەملەش قانۇنىيىتى — يەملىگۈچى ماتېرىيال ياغاچ ئۇرۇشلىرى ئارىسىدىكى كاۋاكچىلار ئارقىلىق ماتېرىيال يۈزىگە تەكشى تارقىلىدۇ ھەمدە ياغاچنىڭ ئىچكى قەۋىتىگە سىڭىپ كىرىپ، قېتىشقاندىن كېيىن ئىككى تال ياغاچنىڭ سىرتقى تالالىرىنى چىڭ بىرلەشتۈرىدۇ.

ياغاچ يەملەش ئۈچۈن ئاقسىللىق يېلىم ۋە سىنتېزلانغان يېلىمدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېلىم ئىشلىتىلىدۇ.





بەشىنچى باب

# ئۆي جاھازلىرىنىڭ ياسىلىشى

ئۆي جاھازلىرى زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىدۇر. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جاي شارائىتى، ئۆز رايونىنىڭ ھاۋا كىلىماتى، خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى ۋە شەخسىي ھەۋىسىگە ئاساسەن ھەرخىل ئۆي جاھازلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياغاچچىلاردىن ئاز ماتېرىيال سەرپ قىلىپ، ئەپچىل، ئىشلىتىشكە قۇلاي، چىرايلىق ئۆي جاھازلىرىنى ياساپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئۇنى خىزمەت ۋە تۇرمۇشىدا ئىشلىتىدۇ.



## ئۆي جاھازلىرىنىڭ تۈرلىرى

ئۆي جاھازلىرىنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

### 1. قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىش

ئەنئەنىۋى ئۆي جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى رامكا جازىسى ئىچىگە كۆز ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىدىكى تۈرگە تەۋە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ياغاچ ماتېرىياللىرى، ئۇسكۇنە، ياساش تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شال شەكىللىك ئۆي جاھازىسى، ئەگرى ياغاچلىق ئۆي جاھازىسى، قاتلىنىدىغان ئۆي جاھازىسى، ھەتتا نېپىز شەكىللىك ئۆي جاھازىسى قاتارلىق يېڭى قۇرۇلمىلىق شەكىللەر مەيدانغا كەلدى.

1) رامكا قۇرۇلمىلىق ئۆي جاھازىسى: ئەنئەنىۋى ئۆي جاھازلىرىنىڭ ھەممىسىدە رامكا قۇرۇلمىسى بار بولۇپ، بۇ خىل ئۆي جاھازلىرى پۇختا، ھەم ۋە نەپىس ياسىلىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەتكىلى ھەم ماتېرىيال كۆپ كەتمەيدىغان بولغاچقا، ئىقتىسادنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

2) شال شەكىللىك ئۆي جاھازىسى: بۇ خىل شەكىلدىكى ئۆي جاھازلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ تاختاي ئاساسەن سۈنئىي ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ، ياغاچ تاختايلار ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ قۇراشتۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئۆي جاھازلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ياساش ئاسان، يۆتكەشكە ئەپلىك.

3) ئەگرى ياغاچلىق ئۆي جاھازلىرى: بۇ خىل ئۆي جاھازلىرى ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئەگرى شەكىلگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئۆي جاھازلىرىغا ياغاچ ئاز كېتىدىغان بولۇپ، قۇرۇلمىسى ئاددىي ھەم كۆركەم بولىدۇ.

4) قاتلىنىدىغان ئۆي جاھازلىرى: بۇ خىل ئۆي جاھازلىرىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ياكى قويۇپ قويىدىغان چاغدا شەكلىنى ئۆزگەرتكىلى ھەم كىچىكلەتكىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۆي جاھازلىرىدىن ئاساسلىقى ئورۇندۇق،

ئۇستەل، كارىۋات قاتارلىق نەچچە خىل تۈرلەر بار.

**2. ماتېرىيالغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىش**

ئۆي جاھازلىرى ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالنىڭ تۈرىگە ئاساسەن ياغاچتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، پولاتتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى (مېتالدىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى)، سۇلياۋدىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، بامبۇكتىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى ۋە يۇمشاق ئۆي جاھازلىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

## 1 - پاراگراف ياغاچتىن ماتېرىيال ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش پرىنسىپى



ھەربىر ئائىلە سايمىنى غوللۇق ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ياساش سخېمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، كېرەكلىك بولغان ئۇششاق پارچىلارغا ئايلاندۇرۇش جەريانى ماتېرىيال تولۇقلاش دەپ ئاتىلىدۇ. ماتېرىيال تولۇقلاش ئاساسلىقى ماتېرىيال

تاللاش، كېسىش ۋە ھەرە ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق تەرتىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماتېرىيال تولۇقلاش ئىش تەرتىپى كۆپ ھاللاردا مۇنداق بولىدۇ: ماتېرىيال تولۇقلاش لايىھىسىنى بېكىتىش، ماتېرىيال تاللاش، سىزىق سىزىش، كېسىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈش. ماتېرىيال تولۇقلايدىغان كىشى چوقۇم ھەر قايسى پارچىلانغان ماتېرىياللارنىڭ پۇتكۇل ئۆي جاھازىسىدىكى ئورنى ۋە رولىنى پۇختا ئىگىلىشى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ماتېرىيال تاللاش، سىزىق سىزىش، كېسىش مەشغۇلاتلىرىنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. تولۇقلىنىدىغان ياغاچ ماتېرىيالنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى بىۋاسىتە مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە، ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 1. ماتېرىيال تاللاش

ئوخشاش بولمىغان ئۆي جاھازىلىرى ئوخشاش بولمىغان تېخنىكىلىق تەلەپلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئوخشاش بىر ئۆي جاھازىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇندىكى قۇرۇلمىسىنىڭ ياغاچ ماتېرىياللىرىغا بولغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۆي جاھازىسىنىڭ دەرىجىسى ۋە كونكرېت سۈپەت تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر قايسى قىسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ماتېرىيالنى، شۇنىڭدەك دەرەخ تۈرى، ئۆلچىمى، تەركىبىدىكى نەملىك مىقدارىغا بولغان تەلىپى قاتارلىق جەريانلارنى تاللاپ بېكىتىش ماتېرىيال تاللاش دېيىلىدۇ.

ماتېرىيال تاللىغاندا، ئالدى بىلەن چوقۇم ئۆي جاھازىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى، سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ كۆركەم ھەم چىرايلىق بولۇشىنى ئويلىشىش كېرەك. شۇڭا، كۆڭۈلدىكىدەك ئۆي جاھازىسىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇستەھكەم، قاتتىق، پارقىراق، سىزىقچىلىرى ياخشى، ئاسان بېزىگىلى بولىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش، يۇمشاق



راق، رەڭگى ۋە سىزىقچىلىرى ئوچۇق بولمىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يا-
سىلىدىغان ئۆي جاھازىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئىشلىتىش، سۈپەتلىك
ئۇزۇن ھەم چوڭ ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىمكانقەدەر ئىسراپ قىلماي، ئۈ-
نۈملۈك پايدىلىنىپ ئىشلىتىش كېرەك. بۇ ياغاچ ماتېرىيالى تاللاشنىڭ
پرىنسىپى.



## 2. ماتېرىيال تولۇقلاش ئۇسۇلى

پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسى، ئۇسكۇنىلەرنىڭ ياخشى - يامانلىقى، مەشغۇلات جەريانىدىكى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرى بولىدىغان بولغاچقا، ياغاچ ماتېرىيالى تولۇقلاشنىڭ ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىيال تولۇقلاش پرىنسىپى ئاساسىدا، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا سىزىق سىزىپ ماتېرىيال تولۇقلاش، ھەرىدەپ ماتېرىيال تولۇقلاش، يەككە ماتېرىيال تولۇقلاش ۋە ئومۇمىي ماتېرىيال تولۇقلاش قاتارلىق

جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. ئارتۇقچە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ھەم ئۇششاق ياغاچ پارچىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

ئۆي جاھازىسى ياساش خەرىتىسىدە تەلەپ قىلىنغان قائىدە ۋە ئۇسۇللار بىلەن كېسىلىپ، ئىشلىتىلىپ، پايدىلىنىش قىممىتى قالمىغان ياغاچلار-دىن يەنىمۇ پايدىلىنىپ ئىشلىتىش ئارتۇقچە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش دېيىلىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلىنىدىغان ياغاچنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە ئىشلەپ-چىقىرىش ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئارتۇقچە ياغاچ ماتېرىيا-لى زىيادە كىچىك بولۇپ قالسا، بەزىدە تېخنىكىلىق تەلەپكە يەتمەيدۇ، زىيادە چوڭ بولۇپ كەتسە ياغاچ ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، پىش-شىقلاپ ئىشلەش ۋاقتىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. شۇڭا ئارتۇقچە ئىشلىتىلىد-غان ياغاچ ماتېرىيالىنى مۇۋاپىق بېكىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 4. ياغاچتىن ماتېرىيال ئېلىش ئۇسۇلى

ياغاچتىن ماتېرىيال ئېلىشنىڭ تەييارلىقى پۈتۈن ياغاچنى كېسىش ئاقلاش، شال تىلىش ۋە كېسىپ تەييارلاشتىن ئىبارەت. ئادەتتە ئاۋۋال تىلىپ چوڭ شال قىلىنىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن يەنە كېسىپ تەييار ماتې-رىيالغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. مۇنداق قىلغاندا، قۇرۇتۇش ئوڭاي بولۇپ، ئاسانلىق-چە شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. تاللاپ ئىشلىتىشكە پايدىلىق بولىدۇ، ياغاچ تېجەپ قېلىنىدۇ. ئەگەر بىر قېتىمدىلا كېسىپ چاسا ياغاچقا ئايلاندۇ-رۇلسا شەكىل ئۆزگەرتىشى زور بولىدۇ. بەزىدە ئۆلچەمسىز يېرىقلار پەيدا بولۇپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەگەر چوڭ شال يېرىلىپ كەتسە، يېرىق بويىچە ياكى يېرىققا يېقىن كەلتۈرمەي ماتېرىيال تاللىۋالغىد-لى، شۇ ئارقىلىق ياغاچنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.



ياغاچنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇۋاپىق كېسىش كېرەك. پۈتۈن ياغاچنى شەكلى، نۇقسانلىرى، ئۆرۈشلىرىدىن ئىبارەت ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ تاللاپ مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

ئومۇمەن قىلغاندا، ماتېرىيال ئالغاندا مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىرىنچىدىن، ياغاچنىڭ ناچار يېرىنى ئاز ساندىكى ماتېرىيال يۈزىگە مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ناچار يېرىنى بىر تەرەپكە قالدۇرۇپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ياخشىسى بىلەن ناچىرى ئېنىق بولۇش، ئۆلچەمگە لايىق بولۇش، ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ياغاچنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن قۇرۇتۇش جەريانىدا شەكىل ئۆزگىرىشى، قېيىشى ۋە يېرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. قۇرۇپ تەركىبىدىكى نەملىك 15% چامىسىدا بولغاندا ئىشلەتسە بولىدۇ.

## 5. ياغاچنى ئىشلىتىش پرىنسىپى

ئۆي جاھازلىرىغا ياغاچ ئىشلەتكەندە، تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) يۇمشاق ياغاچ شال، قاتتىق ياغاچ چاسا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

2) بىر خىل ياغاچنىڭ دىئامېتىرى چوڭراقلىرىدىن شال تىلىنىدۇ، دىئامېتىرى كىچىكرەكلىرىدىن چاسا ياغاچ كېسىلىدۇ. دەرەخنىڭ شاخلىرىدىن تۈز ماتېرىيال، غولىدىن ئەگرى ماتېرىيال ياسىلىدۇ. ئوخشىمىغان تۈردىكى ياغاچنىڭ تۈز ئۆرۈشلۈكلىرى شال، ئەگرى ئۆرۈشلۈكلىرى چاسا ماتېرىيال قىلىنىدۇ. توغرىسىغا قويۇلىدىغان ماتېرىيالغا توغرا يۆنىلىشلىك كۈچىنىشكە چىدامىلىق تۈز ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. تىك قويۇلىدىغان ماتېرىيالغا ئۆرۈشلىرى ئەگرى ياكى رەتسىز ياغاچ ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۆرۈشلىرى تۈز ياغاچ بولسا تېخىمۇ ياخشى؛ ئەگرى قۇرۇلمىلارغا

ئۇرۇشلىرى رەتسىز، تۈزلۈشى زىچ، توغرا يۆنىلىشلىك، كۈچىنىشكە چىدامىلىق بولغان ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ.

3) بىر خىل ئۆي جاھازىسىدا شەكىل ئۆزگەرتىشى ئاز، چىرىتىشكە بولغان قارشىلىقى زور بولغان ياغاچلار ئاستىنقى بۆلەكلەرگە ئىشلىتىلىشى، شەكىل ئۆزگەرتىشى زور، چىرىتىشكە بولغان قارشىلىقى ئاجىز ياغاچلار ئۈستۈنكى بۆلەكلەرگە ئىشلىتىلىشى كېرەك؛ شەكىل ئۆزگەرتىشى زور بولغانلىرى قوشۇمچە ماتېرىيال، شەكىل ئۆزگەرتىشى ئاز بولغانلىرى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنىشى كېرەك. ئاۋۋال ئۇزۇن ماتېرىيالغا، ئاساسلىق ماتېرىيالغا ياغاچ تاللىۋېلىش، ئاندىن قىسقا ماتېرىيالغا، قوشۇمچە ماتېرىيالغا تاللاش كېرەك. ئالدى يۈزىگە مۇمكىن قەدەر چوڭ شال، ئارقا يۈزىگە ۋە ئىچ تەرەپكە كىچىك شال ئىشلىتىش كېرەك. ياغاچ ئۇرۇشلىرى ۋە رەڭگى جەھەتتە مۇمكىن قەدەر چوڭ جاھازلارنىڭ، ئالدى يۈزىنىڭ رەڭگىنىڭ بىر خىل بولۇشى، ئۇرۇشلىرىنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىشىنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك.

4) بىر نەچچە خىل ئۆي جاھازلىرىنى ياسىغاندا، ياغاچنىڭ شەكىل ئۆزگەتىشى زور بولىدىغان، چىرىتىشكە بولغان قارشىلىقى ئاجىز بولغانلىرى مۇھىم بولمىغان كىچىك جاھازلارغا ئىشلىتىلىشى، شەكىل ئۆزگەرتىشى ئاز بولىدىغان، چىرىتىشكە بولغان قارشىلىقى چوڭ بولغانلىرى چوڭ تىپتىكى جاھازلارغا ئىشلىتىلىشى كېرەك. ياغاچنى ئاۋۋال ھەجمى چوڭ، ئاساسلىق ئۆي جاھازلىرىغا، ئاندىن ھەجمى كىچىك، مۇھىم بولمىغان ئۆي جاھازلىرىغا تاللاش كېرەك. ئۆي جاھازلىرىنىڭ يۈزى، مەسىلەن، شىرە يۈزى، ئىشكاپ، ساندۇقلارنىڭ ئوڭ تەرىپى ۋە ئورۇندۇق ـ ئۇستەللەرنىڭ يۈزىگە مۇمكىن قەدەر پۈتۈن شال ياكى كەڭ شال ئىشلىتىلىشى، كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يۈزىدىكى ئۇرۇشلىرى بىردەك بولۇشى لازىم. شالنىڭ ياخشىلىرى ئاساسلىق ئۆي جاھازلىرىغا مەركەزلىك ئىشلىتىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھىم بولمىغانلىرىنىڭ ئالدى يۈزى ۋە مۇھىم

لىدۇ، لېكىن چاسا ياغاچلارنى رەندىلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئورۇندۇق، ئۈس-
تەللەرگە ئىشلىك كەتمەيدۇ ۋە باشقىلار.

## 1. ماتېرىيال تاللاش

ياسىلىدىغان جاھازنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن ياغاچقا سىزىق سىزىپ،
ھەربىر ماتېرىيالنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە قۇراش-
تۇرۇش ئورنى بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر ئىشكاپ ياسىماقچى بولسا،
ئاۋۋال ئىشكاپنىڭ پۇت، ئىشىك قاتارلىق ئاساسلىق قىسىملىرىغا ياغاچ تال-
لىۋېلىپ، ئاندىن توغرا ۋە يان ياغاچلىرىنى، ئاخىرىدا كەينى ۋە ئىچىگە كې-
رەكلىك ياغاچلارنى، شۇنداقلا قوشۇمچە ياغاچلارنى تاللايمىز. شال تاللىغاندا
ئاۋۋال ئىشىك، يۈزلۈك تارتما يۈزى ۋە يان شېلىنى، ئاندىن ئارقا، ئۈستى
ۋە ئاستىغا كېتەرلىك شالنى، ئاخىرىدا توساق شالنى تاللاش كېرەك. ئەگەر
ئىشكاپ 1.4 مېتىردىن پەس بولسا، ئۈستى يۈزىگە كېتەرلىك شالنى تال-
لاشتا ئالدى بىلەن ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ماتېرىيال تەييارلاشتا «ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ
قىسقا» دېگەن تەمسىلنى ئەستە تۇتۇش كېرەك. بۇ تەمسىلدە ماتېرىيال
كەسكەندە، ئىش قوشۇشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش كېرەكلىكى ئېيتىلىدۇ.
ئادەتتە، ياغاچنىڭ قېلىنلىقى بىلەن كەڭلىكىدىن ئىمكانىيەت قالدۇرۇش
ئۆلچىمى مۇنداق بولىدۇ: بىر تەرىپى سىلىقلىتىلىدىغان قۇرۇلمىغا 3 مىل-
لىمېتىر، ئىككى تەرىپى سىلىقلىتىلىدىغان قۇرۇلمىغا 5 مىللىمېتىر،
شالغا 3 مىللىمېتىردىن 5 مىللىمېتىرغىچە ئىمكانىيەت قالدۇرۇلىدۇ.
جۈپلىنىدىغان شالنىڭ ھەربىرىنى 6 مىللىمېتىردىن 8 مىللىمېتىرغىچە
زاپاس قالدۇرۇپ تىلىش كېرەك. ياساشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش ياغاچ-
نىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا، ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ،
ئۇزۇن ياغاچتا كۆپرەك، قىسقا ياغاچتا ئازراق قالدۇرۇلىدۇ. شەكلى ئوڭاي



ئۆزگىرىدىغان ياغاچتا كۆپرەك، شەكلى ئوڭاي ئۆزگەرمەيدىغان ياغاچتا ئازراق قالدۇرۇلىدۇ. ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنىدىغان ياغاچتا كۆپرەك، قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىنىدىغان ياغاچتا ئازراق قالدۇرۇلىدۇ. بەك ئارتۇقمۇ قالدۇرماسلىق، بەك كۆپمۇ قالدۇرماسلىق كېرەك. بەك كۆپ قالدۇرۇلسا ياغاچ ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. بەك ئاز قالدۇرۇلسا بىر نەرسە ياساش قىيىن بولىدۇ. ياغاچچىلىقنى يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقانلار مۇۋاپىق ھالدا كۆپرەك قالدۇرۇش كېرەك. تەجرىبىلىك ئۇستىلار ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئازراق قالدۇرسىمۇ بولىدۇ.

ماتېرىيال تاللاشتا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، مۇمكىن قەدەر ياغاچنىڭ پۇتاق، قۇرت يېگەن، يېرىق، سۇپتى ئۆزگەرگەن يەرلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ياغاچ رەڭگى ئۇرۇشلىرىنىڭ بىردەك بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

## 2. رەندە سېلىش

تەييارلانغان ياغاچنى جاھاز بۆلەكلىرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە رەندىلەپ، قىر سىزىقلىرى تۈز، يۈزىنىڭ بۇلۇڭلىرى تەلەپكە لايىق، قېيىپ شەكلى ئۆزگىرىپ قالمىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. رەندىلىگەندە، ئاۋۋال چوڭ يۈزىنى، ئاندىن يان تەرىپىنى رەندىلىۋالغاندىن كېيىن، ئېھتىياجلىق ئەمەلىي ئۆلچەم بويىچە رەندىلەپ بولغان بىر يۈزى بىلەن بىر يېنىنى ئاساس قىلىپ، قالغان ئىككى تەرىپىنىڭ پاراللېل سىزىقلىرىنى سىزىش كېرەك. بۇنى ياغاچچىلار «تەكرار سىزىق» دەپ ئاتايدۇ. تەكرار سىزىق سىزىۋالغاندىن كېيىن قالغان ئىككى تەرەپنى شۇ سىزىق بويىچە رەندىلەش كېرەك. رەندىلىگەن ياغاچنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، كەڭ - تارلىقى ئۆلچەمگە تامامەن مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

## 3. پىلانلاش ـ سىزىش



پىلانلاش ـ سىزىش ھەربىر جاھاز بۆلىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، تۆشۈك تۈرۈملىرىنىڭ ئورنى، چېتىلىش شەكلىنى توغرا بەلگىلەش ھەمدە ياغاچنىڭ كۆچىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇۋاپىق تۈزۈلۈش شەكلىنى توغرا بەلگىلەشتىن ئىبارەت. ياغاچلارنى جۈپلەپ قويۇپ پىلانلاپ ـ سىزىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۆلچىلىقچە چاتاق چىقمايدۇ. بۇ خىل قۇرۇلما كۆپرەك ياسىلىدىغان بولسا، تۈركۈمى بويىچە پىلانلاش ـ سىزىش كېرەك. پىلانلاش ـ سىزىش توغرا بولۇشى، سىزىقلار روشەن سىزىلىشى كېرەك.

## 4. تۆشۈك ئېچىش

تۆشۈك ئاچقاندا، سىزىقنى قالدۇرۇش كېرەك. ئۆي جاھازلىرىغا يېرىم تۆشۈك (كور تۆشۈك) كۆپرەك ئېچىلىدۇ، تۆشۈك تەشكەندە ئىسكىننى ياغاچنىڭ ئارقا يۈزىگىچە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك، تۆشۈكنى يانتۇ تولغاپ ئاچماي ياكى يېرىۋەتمەي توغرا ئېچىش كېرەك.

## 5. تۈرۈم چىقىرىش

تۈرۈم چىقىرىشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىنىدۇ: ياغاچ ئۇرۇشلىرىنى كېسىپ ئۆتكەن يۆنىلىشتىكى تۈرۈملارنى تۆشۈككە بەك چىڭ چۈشىدىغان قىلىپ ياسىماسلىق كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ياغاچنى يېرىۋېتىدۇ. تۈرۈم تۆشۈكى ياغاچ ئۇرۇشلىرىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئېچىلغان بولسا، سەل چىڭ



كېلىپ قالسىمۇ بولىۋېرىدۇ. تۈرۈمنى بولقا بىلەن يېنىك قېقىپ كىرگۈزگۈدەك بولسىلا بولىدۇ. يېرىم تۈرۈم تۆشۈكى تۈرۈمدىن ئىككى مىللىمېتىردىن بەش مىللىمېتىرغىچە چوڭقۇر بولۇشى، تولۇق تۈرۈم (ئۆتۈشمە تۈرۈم) ياغاچتىن بەش مىللىمېتىردىن ئالتە مىللىمېتىرغىچە چىقىپ تۇرۇشى كېرەك.

## 6. شالنى جۈپلەش (ياپسالاش)

جۈپلەنگەن شال قىڭغىر بولۇپ قالماسلىقى، توغرىسىغا بولۇپ قالماسلىقى، قېيىپ قالماسلىقى، قىرلىرى ھەم، تەكشى تۈتىشىشى، ئوڭ يۈزىنىڭ رەڭگى بىر خىل، ئۈرۈشلىرى ماس كەلگەن بولۇشى لازىم.

## 7. كىنىچ تارتىش

ياغاچنى سىلىقلىتىش ۋە جۈپلەشتىن بۇرۇن كىنىچ تارتىۋېلىش، جۈپلەپ بولغاندىن كېيىن رەندە چۈشمىگەن جايلىرىنى پەرداز رەندە بىلەن سىلىقلىتىپ، تەلەپكە لايىق قىلىۋېلىش كېرەك.

## 8. پارچە بۆلەكلەرنى ئورنىتىش

قۇراشتۇرغاندا ئاۋۋال تۈرۈم قىرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ سىلىپ، چىشى تۈرۈمنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىكى بىلەن ئەركەك تۈرۈمنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش، ئوخشاش بولمىسا دەرھال ئوڭشاش كېرەك. ئاندىن شال قىرى بىلەن كىنىچنىڭ چوڭقۇر - تېيىزلىكىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ تۈرۈش كېرەك. شال ئۈچى كىنىچقا بەك چىڭ كېلىپ قالماسلىقى، شال ئۈچى بىلەن كىنىچ ئاستى ئارىلىقىدا بىر مىللىمېتىر بوش ئورۇن قېلىشى كېرەك. ياغاچنى تۈرى بويىچە قويۇش، قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەسلىك، تۈرۈملارنى كىرىشتۈرگەندە، بولقا ياكى كەكىنى ياغاچقا بىۋاستە

ئۇرماستىن، ياغاچقا بىر نەرسە قويۇپ تۇرۇپ ئۇرۇش كېرەك. تۇرۇمنى تۇرۇم چىقىرىلغان ياغاچ بىلەن تۇرۇم تۆشۈكى ئېچىلغان ياغاچنىڭ بىر - بىرىگە تىك قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىغا قاراپ قېقىش، جاھازنىڭ باشقا بۆلەكلىرىنىڭمۇ قىڭغىر - قىيسىق بولۇپ قالغان - قالمىغانلىقىغا قاراپ، بىر تەرەپتىن تۇرۇمنى قېقىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئوڭشاپ تۇرۇش كېرەك.

### 9. پۈتۈن قىسمىنى قۇراشتۇرۇش

ھەرقايسى بۆلەكلەرنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە قۇراشتۇرۇش، قۇراشتۇرغاندا بۆلەكلەر يۈزىنىڭ بىر - بىرىگە تەك بولغان - بولمىغانلىقىغا، ھەم چېتىلغان - چېتىلمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

### 10. سىرتىنى بېزەش

قۇراشتۇرۇپ بولغان ئۆي جاھازلىرىنى زىننەتلەش، سىرتىنى سىلىقلاش، قىرلىرىنى چىقىرىش، بالداقلىرىنى چاپلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 11. ئىشىك ياكى باشقا مېتال بۇيۇملارنى ئورنىتىش

بۇ ھەرخىل ئىشىك، تەپكىلىك شارىك، ئىلغۇچ گىرەچى، تارتما قۇلۇپى، ئىشىكنى ئىچىدىن تارتىپ تۇرىدىغان ئىلگەك، كارىۋات پۇتلىرىنى بېكىتىدىغان تۆمۈر، جاھاز پۇتىغا قويۇلىدىغان رېزىنكە تاپان قاتارلىقلارنى ئورنىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3 - پاراگراف ئۆي جاھازلىرىنى ياساشتىن ئەمەلىي مىساللار

ئىشىك ۋە دېرىزە — ئۆينى قوغداش قۇرۇلمىسىدىكى ئىككى مۇھىم



قىسىم بولۇپ، ئىشىكنىڭ رولى كىشىلەرنى ئادەتتە يول يۈرۈش، ئوخشاش بولمىغان ماكان بىلەن باغلاش ۋە ئايرىش قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش بولۇپ، ۋەقە يۈز بەرگەندە، كىشىلەرنى جەددىي تارقىلاشتۇرىدۇ؛ دېرىزىنىڭ ئاساسلىق رولى شامال ئۆتۈشتۈرۈش ھەم قۇياش نۇرىنى قوبۇل قىلىش، شۇنداقلا يان ئۆيدىكى ئاۋازلارنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا ئىشىك بىلەن دېرىزىنىڭ قۇرۇلمىسىغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىشىك ۋە دېرىزىلەرنىڭ ئىسسىقلىق ساقلايدىغان، ئاۋاز توسىدىغان، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىدىغان ۋە سۇدىن مۇداپىئەلىنىدىغان تۈرلىرى بار.

## 1. ئىشىك



1) ئىشىكنىڭ تۈرلىرى — ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ئىچكە ئېچىلىدىغان ئىشىك ۋە سىرتقا ئېچىلىدىغان ئىشىك، دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ياغاچ ئىشىك، پولات ئىشىك، ئاليۇمىن ئىشىك ۋە سۇلياۋ ئىشىك قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قوزغىلىش شەكلىگە قاراپ تەكشى ئېچىلىدىغان ئىشىك، ئىتتىرىدىغان ئىشىك، قاتلانما ئىشىك، ئايلانما ئىشىك قاتارلىقلارغا

بولىدۇ. ئىشىكنى ئۆلچەش ئادەتتە ياساش تەلپى، كىشىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە ياسىلىدىغان بىزەش ئىشىكنىڭ شەكلى قاتارلىقلارنى بەلگىلەيدۇ. ئىشىكنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە مۇنداق بولىدۇ: ئولتۇرىدىغان ئۆيلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەم ئادەتتە تاق قاناتلىقلىرىنىڭ كەڭلىكى 800—900 مىللىمېتىر، قوش قاناتلىرىنىڭكى 1200—1600 مىللىمېتىر، ئېگىزلىكى 2000—2100 مىللىمېتىر، دېرىزىسى بار ئىشىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى يەنە 400—500 مىللىمېتىر كۆپەيتىلگەن بولىدۇ. مۇنچا، ھاجەتخانا قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشىك ئۆلچىمى نىسبەتەن كىچىك بولۇپ، ئادەتتە 650—1900 مىللىمېتىر بولىدۇ، ئاشخانا ئۆينىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە 800—1900مىللىمېتىر بولىدۇ. ئاممىۋى قۇرۇلۇشلاردىكى ئىشىكلەرنىڭ ئۆلچىمى ئادەتتە تاق قاناتلىرىنىڭكى 950—1000 مىللىمېتىر، قوش قاناتلىرىنىڭكى 400—1800 مىللىمېتىر، ئېگىزلىكى ئادەتتە 2100—2300 مىللىمېتىر بولىدۇ. دېرىزىسى بار ئىشىكلەرنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە يەنە 500—700 مىللىمېتىر كۆپەيتىلگەن بولىدۇ.

2) ئىشىكنىڭ تۈزۈلۈشى — ئىشىك رام، ئىشىك قانىتى، ئىشىك دېرىزىسى ۋە مېتال بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىشىك ياساشتا ئالدى بىلەن پەگاز يەنى ئىشىكنىڭ جازىسى ياسىلىپ، بۆلەكلەر بىر - بىرىگە چېتىلىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرىدىكى شال رەندىلىنىپ، بىر - بىرىگە شىلىم بىلەن چاپلىنىدۇ.



## 2. دېرىزە

1) دېرىزىنىڭ تۈرلىرى — دېرىزە ئېچىلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئىتتىرىدىغان دېرىزە، تەكشى ئېچىلىدىغان دېرىزە، مۇقىم بېكىتىلگەن

دېرىزە ۋە ئاسما دېرىزە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ؛ دېرىزە قانىتىنىڭ سانىغا قاراپ تاق قاناتلىق دېرىزە، قوش قاناتلىق دېرىزە ۋە كۆپ قاناتلىق دېرىزە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ؛ دېرىزە قانىتىغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالغا قاراپ پولات دېرىزە، ياغاچ دېرىزە ۋە ئاليۇمىن دېرىزە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

(2) ياغاچ دېرىزىنىڭ تۈزۈلۈشى — ياغاچ دېرىزە ئادەتتە دېرىزە رامى، ئىشىك قانىتى، دېرىزە تاختىيى ۋە مېتال بۆلەك قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

### 3. ئىشىك - دېرىزىلەرنى لايىھىلەش پرىنسىپى

ئىشىك بىلەن دېرىزە ئۆينى قوغداش قۇرۇلمىسىدىكى ئىككى مۇھىم



قىسىم بولۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى لايىھىلەش ۋە ياساشتا كىشىلەرنىڭ

ياسىتىش ئېھتىياجى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ يورۇقلۇق قوبۇل قىلىشى، شامال ئۆتۈشۈشچانلىقى، يامغۇر، قار ۋە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشى قاتارلىقلار.

ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىشىك - دېرىزىلەرنى لايىھىلىگەندە، مۇنۇ پرىنسىپلارنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك: ماتېرىيالنى تاللىغاندا چوقۇم مۇستەھكەم، شەكلى ئاسان ئۆزگىرىپ قالمايدىغان سۈپەتلىكلەرنى تاللاش كېرەك، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە رەڭ تەڭشەش جەھەتتىكى ئىشلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆركەم، چىرايلىق ياساپ، ھازىرقى زامانىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشاۋاتقان گۈزەللىك ئېڭى ۋە تەلىپىگە مايىللاشتۇرۇش كېرەك.

## 4. ئىشىك - دېرىزە ياساش تېخنىكىسى

### ياغاچ ئىشىك ۋە ياغاچ دېرىزىنىڭ ياسىلىشى

1) ياغاچ ئىشىك ۋە ياغاچ دېرىزە ياساشتا، ئادەتتە چىدامچانلىقى ياخشى، يەڭگىل، شەكلى ئاسان ئۆزگىرىپ قالمايدىغان ماتېرىياللار تاللىنىدۇ. پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا تاسادىپىي ماتېرىيال كەمچىل بولۇپ قالغاندا، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ رامىنىڭ كەينى تەرىپىگە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ مەشغۇلاتنى پۇختا ئىشلەپ، ئىشىك ۋە دېرىزىگە ئورنىتىلىپ بولغان ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2) ئىشىك - دېرىزىلەرنى ياساشتىن ئېشىپ قالغان ماتېرىياللارنى سىخما ئۆلچىمى بويىچە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش كېرەك. ئىشىك - دېرىزە راملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ ئەگرىلىكى تۆت مىللىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

3) ئالاھىدە تەلەپ قويۇلمايدىغان ئىشىك - دېرىزىلەر ئادەتتە تەكشى ئې-



چىلىپ، تەكشى يېپىلىدىغان قىلىپ ياسىلىدۇ.

4) ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە يېرىم قارا سىزىق تارتىلىپ، ئاچقاندا ھەم ياپقاندا شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

5) ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپەت دەرىجىسى، تەركىبىدىكى نەملىك مىقدارى ھەمدە ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تەلەپلىرى قاتارلىقلارنى لايىھە تەلەپىگە ۋە قۇرۇلۇش ئۆلچىمى (قېلىپى) غە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك؛



ئىشىك ـ دېرىزە رامىلىرى ۋە قانىتىغا بولغان تەلەپ ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، بۇلارنى پۇختا، ھەم ياساش كېرەك. بۇلارنى يەملىگەن چاغدا ھەم يېپىشتۇرۇش، ئىشلىتىلىدىغان يېلىم ماتېرىياللىرىنى قۇرۇلۇش ئۆلچىمىنىڭ تەلىپىگە مايىللاشتۇرۇش كېرەك.

## 5. ئۆي ئىچىنى بېزەش تېخنىكىسى

ئۆي ئىچىنى بېزەشنىڭ شەكىللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۆي قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەتراپتىكى مۇھىت، شۇ ئۆيدە تۇرىدىغان كى-





شىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشىغا ئاساسەن، تەبىئىي ھالدا ئۆزگىچىلىككە ھەم كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە بولغان بېزەش تۈرلىرى مەيدانغا كەلدى. ئەلۋەتتە، ھەربىر ئۆينىڭ بېزىلىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا ئۆي بېزەكچىلىكىنىڭ مۇئەييەن ئۆلچىمى ھەم قېلىپلىرى بولىدۇ. گەرچە پاسونى ۋە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللار ئوخشاش بولمىسىمۇ، سۈپەت تەكشۈرۈشتە يەنىلا مەلۇم ئۆلچەم ئاساس قىلىنىدۇ، ئۆي بېزەش جەريانى قاتتىق تېخنىكىلىق تەلەپلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ھازىر شەھەرلەردە ئۆي بېزەش قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۆي بېزەشنىڭ ئاساسىي قىسمى ياغاچچىلىق بىلەن تاماملىنىدۇ. ئۆي بېزەشتە پەنەركە ياغاچچىلىقى ئاساس بولۇپ، نۇقتىلىق ھالدا تاملارغا نەقىشلىك پەنەركە چاپلاش، بۇلۇڭلارغا، تام قىرلىرىغا پەنەركىدىن گۈل چىقىرىش، پار، سۇ يوللىرىنى پەنەركە بىلەن قاپلاش، كىتاب ئىشكاپى، كىيىم ئىشكاپى، چىنە - قاچا ئىشكاپى، بۇلۇڭ ئىشكاپى قاتارلىق جاھازلارنى ياساش قاتارلىقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ خىل ياغاچچىلىقتا ئالدى بىلەن تىلىپ تەييارلانغان تۆت قىرلىق كىچىك شاللاردىن ئىشكاپلارنىڭ جازىسى قۇراشتۇرۇۋېلىنىپ، ئاندىن پەنەركە چاپلىنىپ، سىرلىنىدۇ. پەنەركە چاپلاش بىلەن مىخ تاپانچىسىدا مىخ ئۇرۇش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئادەتتە پەنەركىلەر 122 سانتىمېتىردىن 244 سانتىمېتىرغىچە ئۆلچەمدە بولۇپ، قېلىنلىقى 1.2 سانتىمېتىردىن 1.5 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. پەنەركىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سۈپىتى، ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ. كىيىم ئىشكاپى قاتارلىق ئىشكاپلارنى ياساشتا ئالدى بىلەن كېسىپ تەييار قىلىنغان ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىرلىق شالنى بەشكە بۆلۈپ كېسىپ، ئۆزئارا چېتىپ، تۆت چاسا جاھازا شەكىللەندۈرۈلىدۇ. جاھازىنىڭ ئالدى تەرىپىگە يېلىم سۈرۈلۈپ، چىرايلىق پەنەركە چاپلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىردا 1.5 سانتىمېتىرلىق پەنەركە پۈتۈن تىلىپ چىقىرىلىپ، ئىشكاپنىڭ ئىشىكى ياسىلىدۇ.



## 6. ئورۇندۇق، ئۈستەل ياساش

ئورۇندۇق ــ تاپراتكا، ئۇزۇن ئورۇندۇق، يۇمىلاق ئورۇندۇق ۋە ھەرخىل قاتلىما ئورۇندۇقتىن ئىبارەت بىرنەچچە خىل بولىدۇ.

ئۈستەل ــ خىزمەت ئۈستىلى، قاتلىما ئۈستەل، يانتۇ ئۈستەل ۋە دۈان قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

1) تاپراتكا ــ تاپراتكىنىڭ ھەجمى كىچىك، ئىگىلەيدىغان ئورنى ئاز، تۈزۈلۈشى ئاددىي بولۇپ، ئازغىنە، كالتە ياغاچتىن ياسىغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۆي جاھازلىرىدىن ئاشقان پارچە-پۇرات كالتە ياغاچلار ئىشلىتىلىدۇ.



تاپراتكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 360 مىللىمېتىردىن 380 مىللىمېتىرغىچە، كەڭلىكى 260 مىللىمېتىردىن 280 مىللىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 420 مىللىمېتىردىن 450 مىللىمېتىرغىچە بولۇپ، تاپراتكا يۈزى ۋە پۇت-بالداقلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. تاپراتكىنىڭ پۇتى يانتۇ ئورنىتىلىشى كېرەك. بەزى تاپراتكىلارنىڭ يۈزى ئۈستۈنكى يان تەرەپ چېتىقىدىن 15 مىللىمېتىر سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ. يانتۇ ئورنىتىلمىسا ئۈستى چوڭ،

ئاستى كىچىك بولۇپ قىلىنىپ، يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. تاپراتكا پۇتلىرى ئارىلىقىدىكى ئورۇن ئادەتتە تاپراتكا يۈزى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

2) ئۇزۇن ئورۇندۇق — ئۇزۇن ئورۇندۇق يېزىلاردا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى ياخشى، تۈزۈلۈشى ئاددىي، ماتېرىيال ئاز كېتىدۇ. يېزىلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئېگىزلىكى 480 مىللىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1000 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 140 مىللىمېتىردىن 180 مىللىمېتىرغىچە، يۈزىنىڭ قېلىنلىقى 30 مىللىمېتىردىن 35 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئورۇندۇق پۇتى كىچىك ياغاچنى ئوتتۇرىدىن يېرىپلا ياسالسا بولىۋېرىدۇ. پۇتىنىڭ ئاستى ئۇچىنىڭ كەڭلىكى 50 مىللىمېتىر، ئۈستۈنكى ئۇچىنىڭ كەڭلىكى 37 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 33 مىللىمېتىر بولىدۇ. تۆشۈك ـ تۈرۈملىرىنىڭ ھەممىسى يانتۇ بولىدۇ. پۇتى توغرىسىغا ھەر 10 مىللىمېتىردا ئىككى مىللىمېتىر، ئىككى تەرەپتىن جەمئىي تۆت مىللىمېتىر كېرىلىدۇ. ئۇزۇنىسىغا ھەر سوڭدا بىر پۇڭ، ھەر 10 مىللىمېتىردا بىر مىللىمېتىر، ئىككى تەرەپتىن جەمئىي ئىككى مىللىمېتىر كېرىلىدۇ.

3) شىرە ياساش — شىرە ئورۇندۇققا قارىغاندا مۇرەككەپ بولىدۇ ھەم ياغىچمۇ كۆپ كېتىدۇ. چاسا شىرە، پارتا، خىزمەت شىرەسى قاتارلىق كۆپ خىل بولىدۇ. تۆۋەندە چاسا شىرەنىڭ ياسىلىشى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

چاسا شىرە ئادەتتە تاماق يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كىچىك چاسا شىرەنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى، ئېگىزلىكى ئوخشاشلا 650 مىللىمېتىردىن بولىدۇ. ئارا چاسا شىرەنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تەخمىنەن 800 مىللىمېتىردىن، ئېگىزلىكى 780 مىللىمېتىر بولىدۇ. چوڭ چاسا شىرەنىڭ ئېگىزلىكى 780 مىللىمېتىردىن 800 مىللىمېتىرغىچە، يۈزى 850 مىللىمېتىردىن 1200 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ. چوڭ چاسا شىرە ھەمىشە





ئىچى چاسا، سىرتى يۇمىلاق قىلىپ ياسىلىدۇ. يەنى تۆت چۆرىسىگە سېكتور شەكىللىك تاختاي جۈپلىنىپ، دىئامېتىرى 1200 مىللىمېتىرغىچە بولغان يۇمىلاق يۈزلۈك قىلىنىدۇ.

چاسا شىرە يۈزى بىلەن پۇت رامكىسىنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تۈزۈلۈشى ئاددىي، يۆتكەش ئوڭاي، شىرە يۈزىنىڭ قېلىنلىقى 20 مىللىمېتىر بولىدۇ. يۈزىنىڭ قىرى رامكىدىن 20 مىللىمېتىردىن 30 مىللىمېتىرغىچە ئېشىپ تۇرىدۇ. ھەربىر تەرىپى رامكىدىن 10 مىللىمېتىردىن 15 مىللىمېتىرغىچە سىرتقا چىقىپ تۇرىدۇ. ياغاچچىلار بۇنى شىرە پەۋزى دەپ ئاتىشىدۇ. شىرە يۈزىنىڭ قېلىنلىقى 20 مىللىمېتىرغا يەتمىسە، ئاستى يان شېلىنىڭ ئىچى تەرىپىگە كەڭلىكى 40 مىللىمېتىردىن 50 مىللىمېتىرغىچە، قېلىنلىقى 25 مىللىمېتىردىن 35 مىللىمېتىرغىچە بولغان بالداق ئورنىتىش كېرەك. شىرە يۈزىنىڭ چۆرىسىگە كەڭلىكى 30 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 20 مىللىمېتىر بولغان تۆت چاسا چەسۋەك بېكىتىلىدۇ. چەسۋەكنىڭ بەزىلىرى شىرە يۈزىگە، بەزىلىرى ئاستىغا مىخلىنىدۇ. تۆت پۇتىغا 50×50 مىللىمېتىرلىقتىن چاسا ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. يان بالداقلىرىنىڭ قېلىنلىقى 25 مىللىمېتىردىن 30 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

## 7. ئۈچ ئىشكىلىك چوڭ كىيىم ئىشكاپى

ئۈچ ئىشكىلىك چوڭ كىيىم ئىشكاپى كىيىم - كېچەكلەرنى ساقلاش

ۋە ئېسىپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇدۇلىدا ئىككى كىچىك ئىشكى، بىر چوڭ ئەينەك ئىشكى بولۇپ، ئەينەك ئىشكى ئادەتتە ئېچىلمايدىغان قىلىپ ئورنىتىۋېتىلىدۇ. قالغان تەرەپلىرى شال بىلەن توسۇلغان بولىدۇ. كۆپىنچە ئەگرى تاپانلىق پۇت ئورنىتىلىدۇ. ئىچىگە بېكىتىلگەن توساق شال ئىشكاپ ئىچىنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ. چوڭ بۆلەككە كىيىم ئاسقۇچ كالتىكى ئورنىتىلىدۇ. كىچىك بۆلىكى ئىككى تال شال بىلەن تەكچە شەكلىدە يەنە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئىككىنچى قەۋىتىنىڭ تەكچە شىلى ئاستىغا تارتما ئورنىتىلىدۇ. ياغاچچىلار بۇنى يوشۇرۇن تارتما، دەپ ئاتايدۇ.

ئۈچ ئىشىكلىك چوڭ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1320 مىللىمېتىردىن 1440 مىللىمېتىرغىچە، ئېگىزلىكى 1750 مىللىمېتىردىن 1850 مىللىمېتىرغىچە، چوڭقۇرلۇقى 540 مىللىمېتىردىن 600 مىللىمېتىرغىچە، پۇتىنىڭ ئېگىزلىكى 160 مىللىمېتىردىن 200 مىللىمېتىرغىچە، ئوتتۇرا ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى 560 مىللىمېتىردىن 600 مىللىمېتىرغىچە، يان ئىشىكلىرىنىڭ كەڭلىكى 380 مىللىمېتىردىن 420 مىللىمېتىرغىچە بولىدۇ.

ئۈچ ئىشىكلىك كىيىم ئىشكاپىغا كېرەكلىك ماتېرىياللار: ئاساسلىق بۆلەكلىرىنىڭ قېلىنلىقى 35 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 55 مىللىمېتىر، كۆتۈرگۈچ بالداقنىڭ قېلىنلىقى 20 مىللىمېتىر، كەڭلىكى 40 مىللىمېتىر، شال قېلىنلىقى 12 مىللىمېتىردىن 15 مىللىمېتىرغىچە، تارتمىنىڭ ئالدى شىلىنىڭ قېلىنلىقى 20 مىللىمېتىر بولىدۇ. ئىشكاپ تۈرۈملىرىنى تېگىشتۈرۈپ چېتىش ئۇسۇلى بىلەن ياسىلىدۇ. يەنى بىر قاناتلىق رامكا تۈزۈلمەستىن، ئۇزۇنىسىغا قويۇلىدىغان ماتېرىياللار ئىككى ياندىكى رامكىغا بىۋاستە چېتىلىدۇ. قۇراشتۇرغاندا بويىغا قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلامسىمۇ، توغرىسىغا قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلامسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ھازىر ياغاچچىلىقنىڭ مەشغۇلات تەرتىپى ۋە ياسىلىدىغان بۇيۇملاردا كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى ياغاچچىلار ھازىر كى-



## ياغاچچىلىق تېخنىكىسى



شىلەرنىڭ ئېھتىيا-
جىغا ئاساسەن ياغاچ
كارنىۋات (تۇرپاندا
«پەنچاك» دەپ ئاتىلى-
دۇ)، ئۇزۇم ئېسىش
جاھازىسى (بۇ ئۇزۇم
قۇرۇتىدىغان ئۆي —
چۇنجىدە ئىشلىتى-
لىدىغان ئەسۋاب
بولۇپ، تۆت چاسا
جاھازىلىنىپ، ئوتتۇرىغا سىم تور پەردە ئورنىتىلىپ، ئۇزۇم ئېسىلىدۇ. بۇ
ئەنئەنىۋى ئۇزۇم قۇرۇتۇش ئەسۋابى «چاققا» غا قارىغاندا قولايلىق ھەم پاكىز
قۇرۇتۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە)، ئىشىك، دېرىزە، چوڭ دەرۋازا، ھويلى-
لارغا ياغاچ پېشايۋان قاتارلىقلارنى كۆپ ياسايدۇ. زامانىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ
كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئىلگىرىكىدەك ھارۋا، ساندۇق، كات قاتار-
لىق بۇيۇملارنى ياسىتىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى.

ھازىر تۇرپاندىكى يېزىلاردا چوڭ نەقىشلىك دەرۋازا، ھويلىغا تۈۋرۈكلۈك،
ئېگىز پېشايۋان، چوڭ نەقىشلىك كارنىۋات ياساش مودىغا ئايلاندى، يەنە تەۋ-
رىنىشكە چىدامىلىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى
كۆتۈرۈلدى، بۇ خىل ئېقىملار ياغاچچىلارنى يېڭى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن
ئەتتى.

ياغاچچىلىق تەرتىپلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئېلېكترلىشىپ، زامانىۋىلىشىپ،
مەشغۇلاتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاسانلاشتى، سۈرئىتى تېزلەشتى، ئىش
ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىلگىرىكى ياغاچچىلار ئاساسەن مىخ ئىشلەت-
مەي، ياغاچنىڭ ئۆزىدىن چىپتىق چىقىرىپ، تۈرلۈم ئارقىلىق جاھازىلايتتى،
بۇنىڭدا ياسالغان بۇيۇم سىپتا، مەزمۇت، كۆركەم، سەنئەتلىك چىقاتتى. يا-



# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى



شىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ياغاچ كارىۋات (تۇرپاندا «پەنچاك» دەپ ئاتىلىدۇ)، ئۈزۈم ئېسىش جاھازىسى (بۇ ئۈزۈم قۇرۇتىدىغان ئۆي — چۈنجىدە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، تۆت چاسا جاھازلىنىپ، ئوتتۇرىغا سىم تور پەردە ئورنىتىلىپ، ئۈزۈم ئېسىلىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى ئۈزۈم قۇرۇتۇش ئەسۋابى «چاققا» غا قارىغاندا قۇلايلىق ھەم پاكىز قۇرۇتۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە)، ئىشىك، دېرىزە، چوڭ دەرۋازا، ھويلىلارغا ياغاچ پېشايۋان قاتارلىقلارنى كۆپ ياسايدۇ. زامانىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئىلگىرىكىدەك ھارۋا، ساندۇق، كات قاتارلىق بۇيۇملارنى ياسىتىدىغانلار ئازىيىپ كەتتى.

ھازىر تۇرپاندىكى يېزىلاردا چوڭ نەقىشلىك دەرۋازا، ھويلىغا تۈۋرۈكلۈك، ئېگىز پېشايۋان، چوڭ نەقىشلىك كارىۋات ياساش مودىغا ئايلاندى، يەنە تەۋرىنىشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇ خىل ئېقىملار ياغاچچىلارنى يېڭى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

ياغاچچىلىق تەرتىپلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئېلېكترلىشىپ، زامانىۋىلىشىپ، مەشغۇلاتى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاسانلاشتى، سۈرئىتى تېزلەشتى، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىلگىرىكى ياغاچچىلار ئاساسەن مىخ ئىشلەتمەي، ياغاچنىڭ ئۆزىدىن چېتىق چىقىرىپ، تۈرۈم ئارقىلىق جاھازىلايتتى، بۇنىڭدا ياسالغان بۇيۇم سىپتا، مەزمۇت، كۆركەم، سەنئەتلىك چىقاتتى. يا-

غاچچىدىن يۇقىرى ھۈنەر ـ تېخنىكا ماھارىتى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، سۈرئىتى ئاستا بولغاچقا، ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ يۇقىرى بولمايتتى. ھازىر بولسا، تېرەكنى كېسىش، تىلىش، شال تارتىش، رەندىلەش، مىخ ئۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توك ھەرىسى، توك رەندىسى، مىخ تاپانچىسى قاتارلىق توكلۇق ئەسۋابلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، مەشغۇلات تەرىپى ئاسانلاشتى، سۈرئىتى تېزلەشتى، ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.



【قوشۇمچە】

## ياغاچچىلىقتا بىخەتەر، مەدەنىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا

ياغاچچىلىق قىلىش جەريانىدا دائىم دېگۈدەك شاۋقۇن، چاڭ ـ توزان ۋە زەھەرلىك گازدىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، بۇ مۇئەييەن باسقۇچقا بارغاندا كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياغاچچىلىق سېخىدىكى نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاسان پارتلايدىغان بولغاچقا، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئېڭىنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مۇھىتنى ئاسراش، مەدەنىي مەشغۇلات قىلىش، مەشغۇلات قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىش قاتارلىق ھالقىلار ياغاچچىلارنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداشتىكى، شۇنداقلا ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش ۋەقەلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم نۇقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش زۆرۈر.

1. ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. ياغاچچىلىق قىلىدىغان مەيداندىكى نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاسان پارتلايدىغان بولغاچقا، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ساۋاتلىرىنى پۇختا ئىگىلىمەي بولمايدۇ. كارخانا ياكى سېخقا مەسئۇل خادىم ياكى ئىش بۇيرۇتقۇچى ۋە ياغاچچى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرۋاقىت ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك.

2. شاۋقۇننى ئازايتىش كېرەك. ھەرىدەش، چاتاش، رەندىلەش، ئىسكىنى-

لەش، تېشىش ۋە سۈركەش قاتارلىق ماشىنا مەشغۇلاتى جەريانىدا چىققان شاۋقۇن يېنىك بولغاندا ياغاچچىلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، ئېغىر بولغاندا ياغاچچىلاردا باش قېيىش، يۈرەك سىيلىش، ئىشتىها تۇتۇلۇش، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شاۋقۇننى ئازايتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى مۇنۇلار: ماشىنىلارنىڭ ھەرقايسى ئۇلىنىش ھالقىلىرىنى چىڭ ئۇلاپ، تەۋرىنىشنى ئازايتىش؛ يۇمشاق، كۆپ تۆشۈكلۈك مېتالدىن باشقا ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ، شاۋقۇن دولقۇنىنى ئازايتىش؛ چوڭ تىپتىكى چاڭ - توزان سۈمۈرۈش ماشىنىسىنى سىرتىدىكى ئايرىم ئۆيگە ئورنىتىش كېرەك.

3. چاڭ - توزاندىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان ياغاچچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا چىقارغان زور مىقداردىكى ياغاچ توزۇندىلىرى كىشىلەرنىڭ نەپەسلىنىش سىستېمىسىغا ئېغىر خەۋپ ئېلىپ كەلگەندىن سىرت يەنە، كىشىلەرنىڭ كۆزىگىمۇ زىيانلىق. ياغاچ توزۇندىلىرى ئاسان پارتلايدىغان ئەڭ خەتەرلىك بۇيۇم. چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ ئەسۋابلىرىنى ئورنىتىش ئارقىلىق چاڭ - توزاننى ئازايتىش كېرەك. ياغاچچىلار مەشغۇلات قىلغاندا چوقۇم كۆزەينەك، ماسكا قاتارلىق كۆز ۋە نەپەسلىنىش يولىنى قوغدايدىغان بۇيۇملارنى تاقىۋېلىشى كېرەك.

4. مەشغۇلات جەريانىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار خىزمەت كىيىمى، قالپاق، پەلەي، ماسكا ۋە كۆزەينەك قاتارلىق بىخەتەرلىك بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشنى ئىزچىللاشتۇرۇشى كېرەك.

5. مەدەني ئىشلەپچىقىرىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. يەنى زاۋۇت ۋە سېخنىڭ ياكى مەشغۇلات قىلىۋاتقان مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، گۈزەللەشتۈرۈش، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش؛ سېخلارنىڭ تازىلىق شارائىتىنى ياخشىلاپ، ھاۋانىڭ ئۆتۈشۈشچانلىقى، نۇرنىڭ تولۇق چۈشۈشىگە

كاپالەتلىك قىلىش، جىددىي ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

6. توك ئىشلىتىش ۋە مەشغۇلات تەرتىپىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. ھازىر توكلۇق ياغاچچىلىق ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن توك ۋە مەشغۇلات تەرتىپى جەھەتتىكى خەتەرمۇ كۈنسېرى كۆچىيىۋاتىدۇ. توك سىملىرى، چاتقۇچ قاتارلىقلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، توك ئىشلىتىش ۋە ياغاچچىلىق مەشغۇلات تەرتىپىنىڭ توغرا بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن توك سوقۇۋېتىدىغان، توك ھەرىسى قولنى زەخىملەندۈرىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ تەرەپلەرگە قاتتىق دىققەت قىلىش، ئالدى بىلەن توك سايمانلىرىنىڭ سۈپەتلىك، يېڭى، مەشغۇلاتنىڭ توغرا بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، توك ھەرىسى، توك رەندىسى، توك ئۈشكىسى، توك تاپانچىسى قاتارلىقلاردا مەشغۇلات قىلغاندا ھەردائىم ئېھتىياتچان، سەزگۈر، ھوشيار بولۇش كېرەك.



## تۈرلۈك ئۆي جاھازلىرى





## تۈرلۈك ئۆي جاھازلىرى



## خاتىمە

بۇ كىتابنى يېزىشتا، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان، ئۆمەرجان باقى تەرجىمە قىلغان «ياغاچچىلىق ئاساسلىرى» ناملىق كىتاب مۇھىم مەنبە بولدى. يەنە ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىننىڭ «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە بايانلار»، ئابلىز مۇھەممەت سايرامى تۈزگەن «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر»، ماشىنىسازلىق سانائىتى نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشر قىلغان «ياغاچچىلىق» (خەنزۇچە)، شەندۇڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشر قىلغان «ياغاچچىلىق تېخنىكا مەشغۇلات قائىدىلىرىنىڭ رەسىملىك چۈشەندۈرۈلۈشى» (خەنزۇچە) ناملىق كىتابلاردىن پايدىلاندىم. بۇ يەردە يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ ئاپتور ۋە تەرجىمانلىرىغا ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. گەرچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بولسامۇ، ياغاچچىلىق مەن ئۈچۈن ناتونۇش كەسىپ بولغاچقا، بىر قىسىم مەزمۇنلارنى، ئىش تەرتىپلىرىنى ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىش جەريانىدا تەنقىدي پىكىر بېرىشىنى سورايمەن.

بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى كۆردۈم. پىشقەدەم، ياش ياغاچچىلارنى زىيارەت قىلدىم. ئىمكانقەدەر ياغاچچىلىقنىڭ ئاساسىي مەشغۇلات قائىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتىم. كىتابنى قولىغا ئالغان ھەربىر دېھقان ياش، ھۈنەرۋەن شاگىرت بۇ قوللانمىدىن ئازراق مەنپەئەت ئالالىسا، ئۆزۈمنى بەختىيار ھېس قىلىمەن. دېھقان ياشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ، سىرتقا،

# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى



جەمئىيەتكە، دەۋرگە يۈزلىنىشىنى؛ چەكلىك يەرگە تايىنىپ، ئۆز چەمبىرىكىنىلا ئايلىنىپ يۈرمەي، تىرىشىپ، ھۈنەر - تېخنىكا ئىگىلەپ، ئۆز - ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنى، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىپ، جەمئىيەتكە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. خەلقىمىزدە «ھۈنەرلىك ئەر قېرىماس» دەيدىغان ئەقلىيە سۆزلەر بار. نېمىلا بولمىسۇن بىرەر ھۈنەر - كەسىپ ئىگىلىگەن كىشىنىڭ تۇرمۇشى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا ياخشى بولىدۇ. بولۇپمۇ ياغاچچىلىق كەسپى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ھەم تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق بولغان كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ياغاچچىلىققا قىزىقىدىغان ياشلىرىمىزنىڭ ئىككىلەنمەستىن بۇ كەسىپنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

新疆大学图书馆
民文图书 755MWS0005388

هۈنەر ـ تېخنىكا ئۆگىنىش رىسالىسى

# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

**تۈزگۈچى:** ئۆمەرجان سىدىق

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارىجان زەپەر

**مەسئۇل كوررېكتورى:** پەرىدە ئېلى

**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** مىرزات ئابدۇللا تاجى

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون:** 0991-2827472

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** شىنجاڭ يىلوڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 3.25

**نەشرى:** 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2007 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 1 ــ 5000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 11121 - 3

**باھاسى:** 12.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ISBN 978-7-228-11121-3

9 787228 111213 >

定价：12.00 元